# ئۆمۈرلۈك چوڭ ئىش

ئاپتورى: ۋاڭ مىڭداۋ

# كىرىش سۆز

«ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» 2-باب، 24-ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن:

«ئوغۇل-قىزلارنىڭ ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپ، بىر-بىرىگە باغلىنىپ، بىر تەن بولۇشى ئەنە شۇ سەۋەبتىندۇر».

«ئەفەسلىكلەرگە يېزىلغان خەت» 5-باب، 24- ۋە 25-ئايەتلەردە مۇنداق دېيىلگەن:

«خۇددى ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكى ئەيسا مەسىھكە ئىتائەت قىلغىنىدەك، ئاياللارمۇ ھەرقانداق ئىشتا ئۆز ئەرلىرىگە بويسۇنۇڭلار. ئەرلەر، ئەيسا مەسىھ ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىنى قانداق سۆيۈپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنى قانداق قۇربان قىلغان بولسا، سىلەرمۇ ئاياللىرىڭلارنى شۇنداق سۆيۈڭلار».

نىكاھ خۇدا تەرىپىدىن يارىتىلغان بولۇپ، خۇدانىڭ ئەرلەر ۋە ئاياللارغا قىلغان ئىلتىپاتى ھەم ئورۇنلاشتۇرۇشى. شۇڭا، بىز نىكاھنى ھۆرمەتلىشىمىز لازىم. مۇۋەپپەقىيەتلىك نىكاھ

ئائىلىنى خاتىرجەملىككە ۋە بەختكە تولدۇردۇ. شۇنداقلا خۇداغا شان-شەرەپ كەلتۈردۇ.

ۋاڭ مىڭداۋ ئەپەندىنىڭ «ئۆمۈرلۈك چوڭ ئىش» دېگەن بۇ كىتابى ئېتىقادچىلارنىڭ نىكاھقا بولغان توغرا كۆزقارىشى ۋە پوزىتسىيىسىنى «مۇقەددەس كىتاب» نۇقتىسىدىن يېتىلدۈردۇ.

## مۇندەرىجە


1. مۇقەددەس كىتابنىڭ نىكاھقا بولغان كۆزقارىشى ........................................... 1
2. توي قىلىشتىكى توغرا يول ..................... 41
3. خۇدا نېمە ئۈچۈن ئۆزىگە تەۋە ئادەملەرنىڭ ئېتىقادسىزلار بىلەن توي قىلىشىغا يول قويمايدۇ؟ ............................................ 75
4. ئېتىقادچىلار ئاجرىشسا بولامدۇ؟ ............ 100
5. تۇل خوتۇنلار قايتا ياتلىق بولسا بولامدۇ؟ ............................................... 118
6. ئېتىقادچىلارنىڭ توقال ئېلىش باھانىسى بارمۇ، يوق؟ ..................................................... 133
7. توقال ئالغان ئادەم توۋا قىلىپ خۇداغا ئىشەنسە، ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنسا بولامدۇ؟ .......................... 148
8. ئەر-خوتۇنلارغا نەسىھەت ..................... 162

# 1
# مۇقەددەس كىتابنىڭ نىكاھقا بولغان كۆزقارىشى

«پەرۋەردىگار خۇدا ئادەمئاتىنى ئېرەن باغىنى پەرۋىش قىلسۇن ۋە ئۇنى ساقلىسۇن، دەپ ئۇ يەرگە قويغانىدى» («ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» 2ـ باب، 15ـ ئايەت).

كېيىن، پەرۋەردىگار خۇدا:
« ئادەمنىڭ يالغۇز ياشىشى ياخشى ئەمەس، ئۇنىڭغا لايىق بولغۇدەك بىر ياردەمچى ھەمراھ ياراتاي» دېدى.

«بۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار خۇدا يەردىكى تۈپىدىن ياراتقان ھەرخىل ھايۋانات ۋە ئۇچار قاناتلارنى ئادەمئاتىنىڭ ئالدىغا ئۇلارغا ئىسىم قويسۇن دەپ كەلتۈردى. ئادەمئاتا ئۇلارغا قانداق ئىسىم قويسا، شۇنداق ئاتىلىپ كەلدى. ئادەمئاتا بارلىق ئۇچار قانات ۋە ھايۋانلارغا ئىسىم

قويدى، لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆزىگە لايىق بولغۇدەك بىر ياردەمچى ھەمراھ چىقمىدى.

شۇڭا، پەرۋەردىگار خۇدا ئادەمئاتىنى قاتتىق ئۇخلىتىۋەتتى. ئۇ ئۇخلاۋاتقاندا، ئۇنىڭ بىر تال قوۋۇرغىسىنى ئېلىپ، ئۇ يەرنى ئېتىۋەتتى. پەرۋەردىگار خۇدا ئالغان قوۋۇرغا سۆڭىكىدىن بىر ئايال ياساپ، ئۇنى ئادەمئاتىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى.

ئادەمئاتا خۇشال ھالدا مۇنداق دېدى:

ـ مانا ئەمدى سۆڭىكى مېنىڭ سۆڭىكىمدىن، گۆشى مېنىڭ گۆشۈمدىن ئېلىنغان، ماڭا ئوخشاش خىلدىكى بىرى بولدى! ئۇنىڭ ئىسمى ‹ ئايال ›، چۈنكى ئۇ ئەردىن ئېلىنغان!

ئوغۇل ـ قىزلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ، بىر ـ بىرىگە باغلىنىپ، بىر تەن بولۇشى ئەنە شۇ سەۋەبتىندۇر» («ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» 2 ـ باب، 18 ـ ئايەتتىن 24 ـ ئايەتكىچە).

يۇقىرىدىكى ئايەتلەرنى ئوقۇغىنىمىزدا، نىكاھنىڭ خۇدا تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقىنى بىلەلەيمىز. خۇدا بىر باغنى ياراتتى. شۇنداقلا بۇ گۈزەل ۋە ئاۋات باغنى ئادەمئاتىنىڭ پەرۋىش قىلىشى ۋە ساقلىشىغا تاپشۇردى. ئۇ كىشى پۈتۈن زېمىننىڭ خوجايىنى ئىدى. ئۇ يۈكسەك مەسئۇلىيەتنى يەنى خۇدا ئاپىرىدە قىلغان پۈتكۈل دۇنيانى باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغانىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، خۇدا بۇ گۈزەللىكلەر ئارىسىدا بىر نەرسىنىڭ كەم بولۇپ قالغانلىقىنى بايقىدى. ئۇ بولسىمۇ ئادەمئاتىنىڭ يالغۇز ياشاۋاتقانلىقى ھەمدە ئۇنىڭغا ياردەم بەرگۈدەك بىرەر ھەمراھىنىڭ يوقلۇقىدىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭا، خۇدا: «ئادەمنىڭ يالغۇز ياشىشى ياخشى ئەمەس، ئۇنىڭغا لايىق بولغۇدەك بىر ياردەمچى ھەمراھ يارىتاي» دېدى.

نىكاھنى خۇدا ياراتقانىكەن، ئۇنداقتا بىزنىڭ بۇ ئىشقا نىسبەتەن ھۆرمىتىمىز قانداق بولۇشى كېرەك؟ ئەپسۇسكى، بىر قىسىم ئېتىقادچىلار نىكاھقا ئەزەلدىن پاك بولمىغان بىر ئىش سۈپىتىدە قارايدۇ. مۇنداق دېگۈچىلەر خۇدانىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىدىغان ۋە خۇدا ئۈچۈن

قىزغىنلىق بىلەن خىزمەت قىلىدىغان ئادەملەردۇر. ئەمما، نىكاھقا بولغان كۆزقاراش جەھەتتە ئۇلار باشقا دىنلارنىڭ تەسىرىگە قاتتىق ئۇچرىغان. گەرچە ئۇلار توي قىلىشنىڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار توي قىلمىغانلارنى ئەڭ پاك، ئەڭ ئالىيجاناب كىشىلەر، دەپ قارايدۇ. رىم كاتولىك جامائەتچىلىكى ھەتتا جامائەتچىلىكتە رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلەيدىغانلارنىڭ قەتئىي توي قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. باشقا مەزھەپلەردە مۇنداق بەلگىلىمە يوق بولسىمۇ، لېكىن كۆپلىگەن ئېتىقادچىلار ھەمىشە ئەڭ پاك ۋە ئەڭ مۇقەددەس روھقا تولغان ئېتىقادچىلار ـ توي قىلمىغان ئېتىقادچىلاردۇر دەپ قارايدۇ. ئۇلار نىكاھنىڭ خۇدا تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغان. خۇدانىڭ ياراتقانلىرىنىڭ ھەممىسى ياخشى بولغىنىكەن، توي قىلىشمۇ ھەرگىز يامان ئىش ئەمەس.

خۇدانىڭ نىكاھنى يارىتىشتىكى يەنە بىر مەقسىتى ئىنسانلارنىڭ زېمىندا كۆپىيىشى ئۈچۈندۇر.

«بۇنىڭ بىلەن خۇدا ئىنساننى ئۆز ئوبرازىدەك ياراتتى، ئۇنى ئۆزىگە ئوخشايدىغان قىلىپ ياراتتى، شۇنداقلا ئۇلارنى ئەر ۋە ئايال قىلىپ ئايرىم ياراتتى.

خۇدا ئۇلارغا بەخت ئاتا قىلىپ مۇنداق دېدى:

— پەرزەنت كۆرۈپ كۆپىيىڭلار، يەر يۈزىنى قاپلاپ، دۇنيانى بويسۇندۇرۇڭلار. شۇنداقلا، دېڭىز-ئوكياندىكى بېلىقلار، ئاسماندىكى ئۇچارقاناتلار، جۈملىدىن پۈتۈن جانلىق مەخلۇقلارنى باشقۇرۇڭلار» («ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» 1-باب، 27-ئايىتىدىن 28-ئايىتىگىچە).

خۇدانىڭ ئەر بىلەن ئايالنى بىرلەشتۈرۈپ، ئەر-خوتۇن قىلىشى پەقەتلا ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە ياردەم بېرىشى ۋە بىرلىكتە ئىشلىشى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئۇلارنىڭ پەرزەنت كۆرۈپ، ئەۋلادلىرىنى كۆپەيتىشى ئۈچۈندۇر. «مۇقەددەس كىتاب»تا، پەرزەنت كۆرۈپ، ئەۋلادلارنى كۆپەيتىشنىڭ، خۇدا ئاتا قىلغان بەختلەردىن

بىرى ئىكەنلىكى قايتا-قايتا تىلغا ئېلىنغان. «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» 15-باب، 1-ئايەتتىن 5- ئايەتكىچە مۇنداق دېيىلگەن:

«بۇ ۋەقەلەردىن كېيىن، پەرۋەردىگار ئابرامغا كۆرۈنۈپ، ئۇنىڭغا:
— ئابرام، قورقما! مەن ساڭا قالقان بولۇپ، ناھايىتى زور ئىنئام بېرىمەن، — دېدى.
لېكىن ئابرام:
— ئى قۇدرەتلىك پەرۋەردىگار، مېنىڭ پەرزەنتىم بولمىسا، سېنىڭ بەرمەكچى بولغان ئىنئامىڭنىڭ پايدىسى نېمە؟ مېنىڭ بىردىنبىر مىراسخورۇم — دەمەشقتىن كەلگەن چاكىرىم ئېلىيەزەر بولىدۇ. سەن ماڭا پەرزەنت بەرمىدىڭ، شۇڭا مېنىڭ تەئەللۇقاتىمغا چاكىرىم مىراسخور بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.
ئارقىدىنلا ئۇ، پەرۋەردىگارنىڭ ئۇنىڭغا يەنە: چاكىرىڭ ئېلىيەزەر سېنىڭ مىراسخورۇڭ بولمايدۇ، پەقەت ئۆزۈڭدىن

بولغان ئوغۇللا مىراسخورۇڭ بولىدۇ
دېگەنلىكىنى ئاڭلىدى.
شۇندىن كېيىن، خۇدا ئۇنى تاشقىرىغا
ئېلىپ چىقىپ، ئۇنىڭغا:
— ئاسمانغا قاراپ، يۇلتۇزلارنى
سانىيالايدىغان بولساڭ ساناپ باق،
سېنىڭ ئەۋلادىڭ ئەنە شۇ يۇلتۇزلاردەك
سان-ساناقسىز بولىدۇ! — دېدى».

«ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» 17-باب 15- ۋە 16-ئايەتلەردە مۇنداق دېيىلگەن:
«بۇنىڭدىن باشقا، خۇدا ئىبراھىمغا
مۇنداق دېدى:
— سېنىڭ ئايالىڭ ساراھنىڭ ئىسمى
ھازىردىن باشلاپ سارە (مەنىسى: «ئايال
شاھزادە») بولسۇن. مەن ئۇنىڭغا بەخت
ئاتا قىلىپ، ئۇنىڭدىن ساڭا بىر ئوغۇل
تەقدىم قىلىمەن. سارە نۇرغۇن
مىللەتلەرنىڭ ئانىسى بولىدۇ. ئۇنىڭ
ئەۋلادلىرىدىن پادىشاھلارمۇ چىقىدۇ».

«ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» 22-باب 17-ئايەتتە

مۇنداق دېيىلگەن:

«ساڭا بەخت ئاتا قىلىش بىلەن، نۇرغۇن ئەۋلادلارنى بېرىمەن. ئۇلارنىڭ سانى — ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردەك، دېڭىز ساھىللىرىدىكى قۇمدەك كۆپ بولىدۇ. سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭ دۈشمەن شەھەرلىرىنى ئىشغال قىلىدۇ».

«ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» 28-باب، 13- ۋە 14- ئايەتلەردە مۇنداق دېيىلگەن:

«ئۇ يەنە پەرۋەردىگارنىڭ پەلەمپەيىنىڭ ئۈستى تەرەپتە تۇرۇپ ئۇنىڭغا:
مەن پەرۋەردىگار، بوۋاڭ ئىبراھىم ۋە ئاتاڭ ئىسھاق ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدا بولىمەن. مەن ھازىر سەن ياتقان زېمىننى ساڭا ۋە سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭغا ئاتا قىلىمەن. ئۇلارنىڭ سانى يەردىكى قۇمدەك كۆپ بولۇپ، شەرقتىن غەربكە، جەنۇبتىن شىمالغا تارقىلىپ، پۈتۈن زېمىننى قاپلايدۇ. يەر يۈزىدىكى پۈتكۈل مىللەتلەر سەن ۋە سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭ

ئارقىلىق بەخت تاپىدۇ».

يەنە «زەبۇر» 127-باب، 4- ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن:

«پەرزەنت بولسا خۇدانىڭ تەقدىم قىلغان ئىلتىپاتى قورساقتىكى ھامىلىمۇ ئۇنىڭ ئىلتىپاتىدۇر».

سۆزلەپ كەلسەك بەكمۇ كۆلكىلىككى، بەزى ئادەملەر بالا تۇغۇش گۇناھنىڭ نەتىجىسى، دەپ قارايدىكەن. مەن بەزى جايلارغا بېرىپ، خىزمەت قىلغان چېغىمدا، بەزى ئېتىقادچىلار مەندىن بىرنەچچە قېتىم: «ئەگەر ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانا گۇناھ ئۆتكۈزمىگەن بولسا، دۇنيادا ئىنسانلار بولمىغان بولاتتى، شۇنداقمۇ؟» دەپ سوراشقانىدى. بۇ سوئالنى سورىغۇچىلار ئەر-ئايالنىڭ بىرگە بولۇپ، پەرزەنتلىك بولۇشنى ئىنسانلارنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى ئىچىدىكى بىرى، دەپ قارايدىكەن. گەرچە بۇنداق سوئالنى سورايدىغانلار كۆپ بولمىسىمۇ، بىراق مۇشۇنداق كۆزقاراشتىكى ئادەملەر ئاز ئەمەس. نۇرغۇن ئېتىقادچىلارنىڭ ئەر-ئايالنىڭ بىرگە بولۇشى

ناپاكلىق، توي قىلماسلىق ئەڭ مۇقەددەستۇر، دەپ قارىشى بۇنىڭ مىسالى بولالايدۇ. ئەگەر بىز ئازراق ۋاقىت چىقىرىپ، «مۇقەددەس كىتاب»نى كۆرىدىغان بولساق، بۇ خىل قاراشنىڭ پۈتۈنلەي خاتا ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. چۈنكى، خۇدا ئۇلارغا: «پەرزەنت كۆرۈپ كۆپىيىڭلار، ئەۋلادلىرىڭلار يەر يۈزىنى قاپلىسۇن...» دېگەن. ئەگەر ئەر-خوتۇننىڭ بىرگە بولۇپ، پەرزەنت كۆرۈشى بىر خىل گۇناھ بولسا، خۇدانىڭ بۇنداق دېيىشى ئىنسانلارنى گۇناھقا باشلىغانلىق بولۇپ قالامدۇ؟ ئەگەر بۇ ئىش گۇناھ بولىدىغان بولسا، «مۇقەددەس كىتاب» قانداقمۇ پەرزەنتنىڭ كۆپىيىشى خۇدانىڭ ئىلتىپاتى دەيدۇ؟

يۇقىرقى دەلىللەرنىڭ ھەممىسى «كونا ئەھدە»دىن ئېلىنغان. ئەمدى بىز «يېڭى ئەھدە»دىن بىرنەچچە ئايەتلەرنى كۆرۈپ باقايلى.

«بىر پەرىسىي ھەزرىتى ئەيسانى سىناپ باقماقچى بولۇپ:

— ئادەم ھەرقانداق سەۋەب بىلەن خوتۇنىنى قويۇۋەتسە بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

ھەزرىتى ئەيسا جاۋابەن:

— ئىنسانىي ئەڭ دەسلەپتە  ياراتقۇچى ئەرنى ۋە ئايالنى ياراتتى— دېدى ھەمدە يەنە مۇنداق دېدى:
— شۇ سەۋەبتىن، ئوغۇل-قىزلار ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپ، بىر-بىرى بىلەن قوشۇلۇپ، بىر تەن بولىدۇ. سىلەر بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇمىغانمۇ؟ شۇنداق ئىكەن، ئەر-خوتۇن ئىككى ئادەم ئەمەس، بەلكى بىر تەندۇر. شۇڭا، خۇدا قوشقاننى بەندە ئايرىيالمايدۇ» («ماتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر»19-باب، 3-ئايەتتىن 6-ئايەتكىچە).

ئەيسا مەسىھنىڭ بۇ ئايەتتىكى سۆزلىرىدىن بىز نىكاھنىڭ خۇدانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. ئۇ :«خۇدا قوشقاننى بەندە ئايرىيالمايدۇ» دېگەن. كىممۇ خۇدانىڭ قىلغىنىنى رەزىل ئىش، دەپ ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالايدۇ؟ تۆۋەندە بۇ ھەقتە بەزى ئايەتلەرنى كۆرۈپ باقايلى.

«ئىككى كۈندىن كېيىن، جەلىلىيە ئۆلكىسىنىڭ كانا يېزىسىدا بىر توي بولدى. ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئانىسى مەريەم ئۇ يەردە ئىدى. ھەزرىتى ئەيسا ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىمۇ تويغا تەكلىپ قىلىنغانىدى. تويدا شاراب تۈگەپ قالغاندا — مەريەم ھەزرىتى ئەيساغا:

— ئۇلارنىڭ شارابلىرى تۈگەپ كەتتى، — دېدى.

ھەزرىتى ئەيسا چاكارلارغا:

— كۈپلەرگە سۇ تولدۇرۇڭلار، — دېدى. كۈپلەر ئاغزىغىچە تولدۇرۇلدى. ئاندىن ھەزرىتى ئەيسا ئۇلارغا يەنە:

— ئەمدى بۇنىڭدىن بىر چىنە ئېلىپ، زىياپەت باشقۇرغۇچىغا بېرىڭلار، — دېدى.

ئۇلار شۇنداق قىلىشتى. زىياپەت باشقۇرغۇچى سۇدىن ئۆزگەرگەن شارابنى تېتىپ كۆرۈپ، ئۇنىڭ قەيەردىن كەلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلەلمىدى. ئەمما، سۇنى توشۇغانلار ئەلۋەتتە بىلىشەتتى...بۇ ھەزرىتى ئەيسانىڭ

تۇنجى مۆجىزىسى بولۇپ، جەلىلىيىنىڭ كانا يېزىسىدا كۆرسىتىلگەنىدى. بۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى ئەيسا ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئايان قىلدى. ئۇنىڭ شاگىرتلىرى خۇدانىڭ ئۇنى ئەۋەتكەنلىكىگە ئىشەندى» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 2ـ باب، 1ـ ئايەتتىن 11ـ ئايەتكىچە).

رەببىمىز ئەيسا توي زىياپىتىگە قاتنىشىپلا قالماستىن، بەلكى كۈيئوغۇل قېينچىلىققا ئۇچرىغاندا، ئۆز قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ، كۈيئوغۇلنىڭ قېينچىلىقنى ھەل قىلدى. بۇ خۇدانىڭ توي ئىشىغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنىڭ دەلىلى ئەمەسمۇ؟ ئەگەر توي ناپاك ئىش بولسا، مۇقەددەس بولغان رەببىمىز ئەيسا مەسىھ ئۆزى توي مۇراسىمىغا قاتنىشىپ، ئۇلار ئۇچۇن سۇنى شارابقا ئايلاندۇرامتى؟ بىز رەب ئەيسا مەسىھنىڭ مونۇ سۆزلىرىگە قۇلاق سالايلى:

«ھەزرىتى ئەيسا ئۇلارغا:

— يىگىت بىلەن قولداش بىللە چاغدا،

قولداش ھەسرەت چېكىشى كېرەكمۇ؟ لېكىن، يىگىت ۋاقتى-سائىتى كەلگەندە ئۇلاردىن ئايرىلىدۇ. مانا بۇ چاغدا ئۇلار روزا تۇتىدۇ، — دېدى» («ماتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 9-باب، 15-ئايەت).

«ھەزرىتى ئەيسا ئۇلارغا تەمسىل ئارقىلىق يەنە مۇنداق دېدى:
— خۇدانىڭ پادىشاھلىقى خۇددى بىر پادىشاھنىڭ ئوغلىنىڭ تويىغا بەرگەن زىياپىتىگە ئوخشايدۇ» («ماتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 22-باب، 1-ئايەت).

«خۇدانىڭ پادىشاھلىقى خۇددى ئون قىزنىڭ قوللىرىدا چىراغ تۇتۇپ، يىگىتنى قارشى ئالغىنىغا ئوخشايدۇ» («ماتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 25-باب، 1-ئايەت).

يۇقىرىقى ئۈچ تەمسىلدە رەب ئەيسا كۆزدە تۇتقان كۈيئوغۇل دەل ئۇنىڭ ئۆزىدۇر. بۇنىڭدىن بىز ئۇنىڭ تويغا شۇنچىلىك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ھەمدە توينى مۇقەددەس ئىش، دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. ئۇ ھەرگىزمۇ ئۆزى بىلەن ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ناپاك ئىش ئارقىلىق تەسۋىرلىمەيدۇ. ئەلچى پاۋلۇس خەتلىرىدە بۇ ھەقىقەتنى تېخىمۇ يورۇتۇپ بەرگەن.

«مېنىڭ سىلەرگە بولغان غەزىپىم خۇدانىڭ گۇناھقا بولغان غەزىپىگە ئوخشايدۇ. چۈنكى، مەن سىلەرنى بىر ئەرگە يەنى ئەيسا مەسىھكە ياتلىق قىلغان. مەن سىلەرنىڭ ئۇنىڭغا پاك بىر قىزدەك مەڭگۈ ئەگىشىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. لېكىن، مەن سىلەرنىڭ خۇددى ھاۋائانىنىڭ شەيتاننىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ، يىلاننىڭ سۆزىنى ئاڭلىغىنىغا ئوخشاش، باشقىلارنىڭ ئازدۇرۇشىغا ئۇچراپ، ئەيسا مەسىھكە بولغان پاك قەلبىڭلارنى يوقىتىپ قويۇشۇڭلاردىن ئەنسىرەيمەن»

(«كورىنتلىكلارغا يېزىلغان ئىككىنچى
خەت» 11-باب، 2-، 3-ئايەت).

«ئەفەسلىكلەرگە يېزىلغان خەت» 5-باب
22-ئايەتتىن 33-ئايەتكىچە مۇنداق دېيىلگەن:
«ئەي ئاياللار، ئەرلىرىڭلارغا رەببىمىزگە
ئىتائەت قىلغىنىڭلاردەك بويسۇنۇڭلار.
خۇددى ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىنىڭ
قۇتقۇزغۇچىسى ئەيسا مەسىھ ئۆز
تېنىنىڭ، يەنى ئېتىقادچىلار
جامائەتچىلىكىنىڭ بېشى بولغىنىدەك،
ئەرمۇ ئۆز ئايالىنىڭ بېشىدۇر. خۇددى
ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكى ئەيسا
مەسىھكە ئىتائەت قىلغىنىدەك،
ئاياللارمۇ ھەرقانداق ئىشتا ئۆز
ئەرلىرىڭلارغا بويسۇنۇڭلار. ئەي ئەرلەر،
ئەيسا مەسىھ ئېتىقادچىلار
جامائەتچىلىكىنى قانداق سۆيۈپ،
ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنى قانداق قۇربان
قىلغان بولسا، سىلەرمۇ ئاياللىرىڭلارنى
شۇنداق سۆيۈڭلار. ئەيسا مەسىھنىڭ
ئۆزىنى قۇربان قىلىشتىكى مەقستى
خۇدانىڭ سۆزى ئارقىلىق ئېتىقادچىلار

جامائەتچىلىكنى گۇناھلىرىدىن يۇيۇپ پاك قىلىشتۇر. ئۇ بۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكنى بارلىق ئىللەتلەردىن خالىي قىلىپ، ئۇلارنى ئۆز ئالدىغا تويغا كۆچۈرۈشكە تەييارلانغان چىرايلىق قىزدەك پاك ۋە نۇقسانسىز ھالدا ئېلىپ كېلىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، ئەرلەرمۇ ئۆز ئاياللىرىنى ئۆز تېنىنى سۆيگەندەك سۆيۈشى كېرەك. ئايالىنى سۆيگەن كىشى ئۆزىنى سۆيگەن بىلەن باراۋەر. ھېچكىم ھېچقاچان ئۆز تېنىدىن نەپرەتلەنمەيدۇ. ئەكسىچە، ئۆز تېنىنى ئاسرايدۇ ۋە ئۇنىڭغا كۆيۈنىدۇ. ئەيسا مەسىھمۇ ئۆز تېنى بولغان ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكنى ئاسراپ، ئۇنىڭغا كۆيۈنىدۇ. چۈنكى، بىز ئەيسا مەسىھنىڭ تېنىنىڭ ئەزالىرىمىز. مۇقەددەس كىتابتا ئېيتىلغىنىدەك:

‹ شۇ سەۋەبتىن ئوغۇل-قىزلار ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپ، بىر-بىرىگە باغلىنىپ بىر تەن بولىدۇ›.

بۇ ئىنتايىن مۇھىم بىر سىردۇر. مەن بۇ سۆزنى ئەيسا مەسىھ ۋە ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىنىڭ زىچ مۇناسىۋىتىنى كۆزدە تۇتۇپ ئېيتتىم. يەنە بىر قېتىم شۇنى تەكىتلەيمەنكى، ھەممىڭلار ئايالىڭلارنى ئۆزۈڭلارنى سۆيگەندەك سۆيۈڭلار. ئاياللارمۇ ئېرىنى ھۆرمەتلىسۇن».

نېمە دېگەن بۈيۈك ۋە مۇقەددەس ھەقىقەت-ھە! ئەلچى پاۋلۇس ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىنى بىر ئەرگە يەنى دەل ئەيسا مەسىھكە باغلاۋاتىدۇ. شۇنداقلا، ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىنىڭ بۇ دۇنيادا پاك بولۇشىنى، بۇ دۇنيانىڭ مەينەتچىلىكىنى يۇقتۇرۇۋالماسلىقىنى ئۈمىد قىلىۋاتىدۇ. «ئەفەسلىكلەرگە يېزىلغان خەت»نىڭ 5-بابىدا، پاۋلۇس ئەر بىلەن خوتۇننىڭ قانداق بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈشى توغرىسىدا تەلىم بېرىدۇ. بۇ يەردە پاۋلۇس مەسىھ بىلەن ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئەر-خوتۇنلارنىڭ بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈشىنىڭ ئۆلچىمى قىلىۋاتىدۇ. يەنى

ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكى مەسىھكە قانداق بويسۇنغان بولسا، خوتۇنمۇ ئەرگە شۇنداق بويسۇنۇشى كېرەك. مەسىھ ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىنى قانداق سۆيگەن بولسا، ئەرمۇ خوتۇنىنى شۇنداق سۆيۈشى كېرەك. دېمەك، ئەر-خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت خۇددى مەسىھ بىلەن ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئوخشاش مۇقەددەس ۋە بۈيۈكتۇر.

يۇھاننا مەسىھنىڭ ئۆز ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىنى قارشى ئېلىۋاتقانلىقىنى ۋەھىي ئارقىلىق كۆرگەنىدى. بۇ، «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ «ۋەھىي» قىسمىدا خاتىرىلەنگەن. يۇھاننا مۇنداق يازىدۇ:

> «كېيىن، مەن كۆپچىلىكنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ئاۋازنى ئاڭلىدىم. بۇ ئاۋاز يەنە كەلكۈننىڭ ئاۋازىغىمۇ ھەم گۈلدۈرمامىنىڭ ئاۋازىغىمۇ ئوخشايتتى. بۇ ئاۋاز ئۈنلۈك قىلىپ:
>
> -خۇداغا شان شەرەپلەر بولسۇن! چۈنكى، بىزنىڭ قۇدرەتلىك خۇدايىمىز

> پادىشاھ بولدى. بىز خۇشال بولۇشىمىز ھەم ئۇنىڭغا مەدھىيە ئوقۇشىمىز كېرەك. چۈنكى، قوزىنىڭ توي كۈنى يېقىنلىشىپ قالدى. ئۇنىڭ كېلىنچىكى ئاللىقاچان تەييار بولغاندى. كېلىن ئۆزىگە ئىلتىپات قىلىنغان كەندىر يىپتىن توقۇلغان نۇر چېچىپ تۇرىدىغان ئاق لىباسنى كىيدى. بۇ لىباس دەل ئېتىقادچىلارنىڭ قىلغان ئادىل ئىشلىرىدۇر، ـ دېدى.
>
> پەرىشتە مېنىڭ بۇ سۆزلەرنى خاتىرىلىۋېلىشىمنى تاپىلاپ:
>
> قوزىنىڭ توي زىياپىتىگە تەكلىپ قىلىنغانلار بەختلىكتۇر! ـ دېدى.
>
> ئۇ يەنە:
>
> — بۇنى خۇدا ئۆز ئاغزى بىلەن دېدى، ئۇنىڭ سۆزى ھەقتۇر، — دېدى» («ۋەھىي» 19ـ باب، 6ـ ئايەتتىن 9ـ ئايەتكىچە).

بۇ ئۇلۇغ ئارزۇ ـ كەلگۈسىدە ئەمەلگە ئاشىدىغان بۇ ئۇلۇغ ھەقىقەت يەنى مەسىھنىڭ

ئۆز ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىنى قارشى ئېلىشى يەنىلا تويدىن ئىبارەت بۇ ئىش ئارقىلىق تەسۋىرلەنگەن. «مۇقەددەس كىتاب»تا، يەنى «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى»دىن تاكى «ۋەھىي»گىچە توي مۇقەددەس ۋە ئۇلۇغ دەپ قارالغان. شۇنداق ئىكەن، كۆپلىگەن ئېتىقادچىلار يەنە نېمە ئۈچۈن نىكاھنى ناپاك ئىش دەپ قارايدۇ؟ بۇ بەكمۇ غەلىتىلىكتۇر.

بۇ خىل خاتا ئوي-پىكىرلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا، بەزى سەممىيەتسىز كىشىلەرنىڭ ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە قايتا-قايتا قىلغان شەھۋەتپەرەسلىكلىرى سەۋەب بولغان. بۇ خىل شەھۋەتپەرەسلىك كىشىلەرگە ئاستا-ئاستا يامان تەسىر بېرىپ، ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ھەممىسى ناپاك ئىش، دېگەن قاراشنى پەيدا قىلىپ قويغان. كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، كىشىلەر ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى ئىشنى ئۇياتلىق ئىش ۋە ناپاكلىق، دەپ قارايدىغان بولۇپ قالغان. بۇ خىل يامان ئوي-پىكىرنىڭ پەيدا بولۇش، پاكلىقنى قوغلىشىدىغان نۇرغۇنلىغان كىشىلەرگە ۋەھىمە ھېس قىلدۇرۇپ،

ئۇلارغا توي قىلىشنى خالىمايدىغان قىلىپ قويغان. ئۆز نىكاھى توغرىسىدا سۆز ئاچقانلارنى (بولۇپمۇ ئاياللارنى) باشقىلار كۆزگە ئىلمايدىغان بولغان. نۇرغۇنلىغان ياشلار نىكاھ مەسىلىسىدە توغرا يېتەكلەنمىگەنلىكتىن، بۇرۇقتۇرما بولۇپلا قالماستىن، ئۇلار يەنە روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىمۇ بېسىمغا ئۇچراپ، چۈشكۈنلىشىپ كېتىپ، خىلمۇ خىل تراگېدىيىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. بۇنداق ئەھۋالدا قالماسلىق ئۈچۈن، بىز كىشىلەرنىڭ نىكاھقا بولغان خاتا كۆزقارىشىنى ئۆزگەرتىشىمىز لازىم.

«مۇقەددەس كىتاب»تىكى ھەقىقەتلەردىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، ئالاھىدە ئىلتىپاتقا ئېرىشكەن ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەردىن باشقا، ھەر بىر ئەرنىڭ خوتۇنى ۋە ھەر بىر ئايالنىڭ ئېرى بولۇشى كېرەك. ئەر ياكى ئايالنىڭ ئۆزىنىڭ نىكاھ ئىشى توغرىسىدا سۆز قىلىشى بىر خىل ئوچۇق-ئاشكارا ئىش بولۇپ، ھەرگىزمۇ نومۇس قىلىدىغان ئىش ئەمەس. پەقەتلا توغرا يول بىلەن قىلىنغان تويلارلا، يەنى چاي ئىچكۈزۈش، نىكاھلىنىش، ئەر-خوتۇن بىللە بولۇش، پەرزەنت كۆرۈش قاتارلىق جەريانلارنى بېسىپ ئۆتكەن

تويلارلا تەنقىدكە ئۇچرىماسلىقى لازىم. بىز پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن شەھۋەتپەرەسلىكنى ۋە زىناخورلۇقنى چەكلىشىمىز لازىم. لېكىن، ھەقىقىي مۇھەببەت بىلەن قانۇنلۇق نىكاھنى ھەرگىزمۇ قالايمىقان جىنسىي مۇناسىۋەت بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىكىمىز كېرەك.

ئاتا-ئانا بولغۇچىلار ئۆز پەرزەنتلىرىگە بۇ توغرىسىدا ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن تەلىم بېرىپ، نەسىھەت قىلىشى كېرەك. بىراق، ئاتا-ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ مۇۋاپىق پىكىرلىرى ۋە نىكاھ ئىشلىرىنى ئۆزىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىنى چەكلىمەسلىكى كېرەك. مەملىكىتىمىزدە تېخى توي قىلمىغان قىزلارنىڭ ئۆزىنىڭ نىكاھ ئىشى توغرىسىدا سۆز ئېچىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ئەگەر قىز بولغۇچى بۇ توغرىسىدا ئېغىز ئېچىپ قالسا، ئاتا-ئانىسى ئۇنى «نومۇسنى بىلمەيدىغان، يۈزى قېلىن»، دەپ ھاقارەتلەيدۇ. بۇ خىل ئەھۋال كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاقىۋەت قانداق بولىدۇ؟ بىر خىل ئاقىۋەت شۇكى، ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى مۇۋاپىق چىقىش يولى تاپالمايدۇ-دە، ئۇلار روھىي جەھەتتىن زەئىپلىشىپ كېتىدۇ. يەنە بىر ئاقىۋەت

شۇكى، ئۇلار چەكسىز بۇرۇقتۇرمىچىلىق ئىچىدە
قالىدۇ، بەزىلىرى نېرۋىسىدىن ئادىشىدۇ، بەزىلىرى
پاسسىپ هالدا تۇرۇۋالىدۇ، بەزىلىرىنىڭ
سالامەتلىكى ناچارلىشىدۇ، يەنە بەزىلىرى بۇ
دۇنيادىن زېرىكىپ، ئۆلۈم يولىنى تاللايدۇ. نۇرغۇن
ئېتىقادچىلار «مۇقەددەس كىتاب»نى ئوقۇپ
تۇرۇقلۇق، يەنى خاتا كۆزقاراشتا بولىدى ۋە
نۇرغۇنلىغان تراگېدىيىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.
بۇ نەقەدەر ئېچىنىشلىق ئەھۋال- ھە!

ئائىلىدە ئاتا-ئانىلار، ئېتىقادچىلار
جامائەتچىلىكىدە بولسا يېتەكچىلەر «مۇقەددەس
كىتاب»تىكى ھەقىقەتلەر بويىچە پەرزەنتلەرگە ۋە
ئېتىقادچىلارغا تەلىم بېرىپ، ئۇلارغا ئىكاھىنىڭ
خۇدا تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقىنى، ئەر-خوتۇنىنىڭ
بىرگە بولۇپ پەرزەنت كۆرۈشىنىڭ خۇدانىڭ
ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرغان توغرا يولى
ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشى كېرەك. شۇنداقلا،
ئىكاھىنىڭ ناپاك ئىش ئەمەسلىكى توغرىسىدا
تەلىم بېرىپ، ھەقىقىي مۇھەببەت بىلەن
شەھۋەتپەرەسلىكنىڭ مۇتلەق ئوخشىمايدىغانلىق
ھەققىدە ۋە ئۇلارنىڭ توغرا يول تۇتۇش ئارقىلىق
خۇدا ئىلتىپات قىلغان مۇھەببەتنى تەرەققىي

قىلدۇرۇشى توغرىسىدا خىزمەت ئىشلىنىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارغا قالايمىقان جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتەك ئېغىر گۇناھتىن يىراق تۇرۇش ھەققىدە تەلىم بېرىلىشى كېرەك.

ئاتا-ئانا بولغۇچىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ نىكاھ ئىشىغا كۆڭۈل بۆلۈشى، ئۇلارنى يېتەكلىشى، ئۇلارغا نىكاھىنىڭ مۇھىملىقى ۋە قالايمىقان مۇھەببەتلىشىشنىڭ خەتىرىنى چۈشەندۈرۈشى كېرەك. پەرزەنتلەر ياش قۇرامىغا يەتكەندە، ئۇلارنىڭ توي ئىشى ئۈچۈن ئەستايىدىل دۇئا قىلىپ، خۇدانىڭ يېتەكلىشى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشىنى تىلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پەرزەنتلىرىگە ئۆزلىرىنىڭ ئوي-پىكىرلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پۇرسىتى بېرىش كېرەك. ئەگەر پەرزەنتلەر (بولۇپمۇ قىزلار) بۇ توغرىسىدا ئېنىق كۆزقاراشتا بولالمىسا، ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈپ ۋە يېتەكلەپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ بېقىپ، ئۇلارغا مۇۋاپىق ياردەم بېرىش كېرەك. ئەگەر پەرزەنتلەر بۇ توغرىسىدا ئاۋۋال ئېغىز ئېچىپ قالسا، ئۇلارنى يۈزى قېلىن، دەپ ئەيىبلەشكە بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ

ئويلىغانلىرىنى سۆزلىشىگە يول قويۇپ، ئۇلارنى مۇۋاپىق يېتەكلەش لازىم. ئۇلارغا بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇلارنى توي توغرىسىدا ئېغىز ئاچۇرماسلىققا ھەم پەرزەنتلەر ياش قۇرامىغا يەتكەندە، ئۇلارنىڭ توي ئىشلىرىنى سۈرۈشتە قىلماسلىققا بولمايدۇ. ئەگەر پەرەنتلەرنىڭ بۇ ئىشتا مۇۋاپىق پۇرسىتى ياكى مۇھەببەتلەشكىنى بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئاتا-ئانا بولغۇچىلار ئۇلارغا ئۇلارنىڭ توي ئىشىغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشى كېرەك.

ئاتا-ئانىلارنىڭ بۇ خىل كۆيۈنۈشى پەرزەنتلەرگە ناھايىتى زور تەسەللى ۋە ياردەم بېرەلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پەرزەنتلەرمۇ ئاتا-ئانىلىرىغا خاتىرجەم ھالدا ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئېيتالايدۇ. ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىنىڭ يېتەكچىلىرىمۇ جامائەتچىلىكتىكى تېخى توي قىلمىغان ئېتىقادچىلارغا مۇۋاپىق ياردەم بېرىشى كېرەك. بولۇپمۇ ئائىلىدە بۇ خىل يېتەكلىنىشكە مۇيەسسەر بولالمىغان ياشلارغا بۇ خىل تەربىيىنى كۈچەيتىش كېرەك.

ئەگەر نۇرغۇن ياشلار دەسلەپتىلا مۇۋاپىق يېتەكلەنگەن بولسا، ئۇلار گۇناھ ۋە ئازابقا

پاتمىغان بولاتتى. ئۇلار ئائىلىدە ۋە ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىدە مۇۋاپىق يېتەكلەنمىگەنلىكى ئۈچۈن، نۇرغۇنلىرى گۇناھقا پاتتى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن زەخىملەندى.

تەلىم-تەربىيە بېرەلەيدىغان ئاقساقاللار تەلىم بەرگەندە، بىر تەرەپتىن، ئېتىقادچىلارنى قالايمىقان جىنسىي مۇناسىۋەتتىن يىراق تۇرۇشقا ئاگاھلاندۇرۇشى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مۇھەببىتىنى توغرا يول بىلەن قانداق تەرەققىي قىلدۇرۇشى توغرىسىدا تەلىم بېرىشى كېرەك. ئۇلار بۇ توغرىسىدا ھېچقانداق سۆز قىلماي، ئېتىقادچىلارنى بۇ ئىشقا نىسبەتەن قاراڭغۇلۇقتا قالدۇرمىسۇن. ئەگەر ئېتىقادچىلاردا نىكاھ ۋە قالايمىقان جىنسىي مۇناسىۋەت قاتارلىقلارغا نىسبەتەن توغرا كۆزقاراش تىكلەنسە، ئىشىنىمەنكى ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىدە نۇرغۇنلىغان ئازابلار ۋە گۇناھلار ئازىيىدۇ.

بەلكىم بەزى ئېتىقادچىلار: «تەلىم بەرگۈچىلەر پەقەت روھىي جەھەتتىكى ئىشلارنىلا سۆزلەيدىغان تۇرسا، ئۇلار قانداقمۇ بۇ دۇنياغا تەۋە بولغان نىكاھ ۋە مۇھەببەتكە ئوخشاش ئىشلارنى سۆزلىسۇن؟» دەپ سورىشى

مۇمكىن. «بۇ دۇنياغا تەۋە ئىش» دېگەن قانداق گەپ؟ ئەجەبا، مۇھەببەت ۋە نىكاھ تەلىم بەرگۈچىلەر ئېغىزلىرىغا ئالالمايدىغان سۆزلەرمۇ؟ ئۇنداقتا، «مۇقەددەس كىتاب» نېمە ئۈچۈن بۇ توغرۇلۇق قايتا-قايتا دىلغا ئېلىنغان؟ يۇقىرىدا بىز مىسال قىلىپ ئۆتكەن ئايەتلەر بۇ خىل قاراشنىڭ خاتالىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

پاۋلۇس «كورىنتلىكلارغا يېزىلغان بىرىنچى خەت»نىڭ 7-بابىدا ۋە «ئەفەسلىكلەرگە يېزىلغان خەت»نىڭ 5-بابىدا نىكاھ مەسىلىسى توغرىسىدا ئۇزۇن توختالغان. ئەجەبا، بىز پاۋلۇسمۇ بۇنداق سۆزلەرنى قىلماسلىقى كېرەك ئىدى، دېيەلەمدۇق؟ پاۋلۇس جامائەتچىلىككە نىكاھ ۋە مۇھەببەت مەسىلىسى توغرىسىدا قايتا-قايتا سۆزلىگەنىكەن، ئۇنداقتا بىز سۆزلىسەك گۇناھ بولامدۇ؟ بۇنداق ئىدىيىنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى سەۋەب خۇداغا ئىخلاسمەنلىكى يوق كىشىلەرنىڭ ھەر قېتىم نىكاھ ۋە مۇھەببەت توغرىسىدا سۆزلىگەندە، مەينەت سۆزلەرنى قىلغانلىقىدا. شۇنىڭ بىلەن، كىشىلەر بۇ ھەقتە سۆز بولۇنسىلا، بۇنى ناپاكلىق دەپ قاراپ، ئۇنىڭ روھىي جەھەتتىكى ئىش ئىكەنلىكىنى ئېسىدىن

چىقىرىپ قويغان.

مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا بىز بىر خىل بىنورمال ئەھۋالنى ئۇچرىتىمىز. ھەممەيلەن دېگۈدەك ئۆز توي ئىشلىرى ئۈستىدە پاراڭلىشىشتىن نومۇس قىلىشىدىيۇ، ئەمما دوستلار يىغىلىشلىرىدا ئېغىزلىرىدىن شەھۋانىي سۆزلەرنى چىقىرىشتىن نومۇس قىلىشمايدۇ. ئەرلەرلا مۇشۇنداق بولۇپ قالماي، بۇ خىل ئەھۋال قىزلاردىمۇ ئېغىر. ھەتتا ياش قىزلارنىڭ ئارىسىدا بىرلا ۋاقىتتا بىر نەچچە ئوغۇل دوست تۇتىدىغانلارمۇ بار. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى ياكى باشقىلار ئۇلارنىڭ توي ئىشلىرىنى سوراپ قالغۇدەك بولسا، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ، نومۇس قىلىپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالماي قېلىشىدۇ. ئۇلار نومۇس قىلىدىغان ئىشتىن نومۇس قىلماي، ئەكسىچە نومۇس قىلمايدىغان ئىشتىن نومۇس قىلىشىدۇ. بۇ نېمە دېگەن ئازابلىنارلىق ئىش - ھە! ئەمەلىيەتتە، بۇنداق ئەھۋالنىڭ شەكىللىنىشى مۇقەررەردۇر. چۈنكى، ئادەتتە كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ توي ۋە مۇھەببەت ئىشلىرىدىن سۆز ئېچىشتىن نومۇس قىلىدىغان بولغاچقا، ياشلار بۇنداق ئىشلار ئۈستىدە

ئوچۇق-ئاشكارا سۆزلىشىشكە تەبىئىي ھالدىلا جۈرئەت قىلالمايدۇ. ئۇلار ئۆز توي ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ۋە ئۆز مۇھەببىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا مۇھتاج. ۋەھالەنكى ئۇلار ئاتا-ئانىلىرىنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن بۇنداق قىلالمايدۇ. نەتىجىدە، ئۇلار باشقىلاردىن يوشۇرۇنچە ئۆز مەيلىچە ئىش كۆرىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە، بىز بۇ خىل خاتالىقنى كۈچىمىزنىڭ بارىچە تۈزىتىشىمىز كېرەك. بىز كىشىلەرگە مۇھەببەتلىشىپ توي قىلىشنىڭ نومۇسلۇق ئىش ئەمەسلىكىنى شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شەھۋەتپەرەسلىك ۋە زىناخورلۇقنىڭ بولسا ھەقىقىي نومۇس قىلىشقا تېگىشلىك ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشىمىز كېرەك. «مۇقەددەس كىتاب»تىكى ھەقىقەت دەل شۇنداق، يەنى بىر تەرەپتىن بىز «مۇقەددەس كىتاب»تىن نىكاھ ۋە مۇھەببەت توغرىسىدا ئوچۇق-ئاشكارا ئېيتىلغان سۆزلەرنى كۆرەلەيمىز، يەنە بىر تەرەپتىن شەھۋەتپەرەسلىكتىن يىراق تۇرۇش توغرىسىدىكى ئاگاھلاندۇرۇشلارنى ۋە قەدىمكى كىشىلەرنىڭ زىنا قىلىش گۇناھىنى ئۆتكۈزۈپ قويۇپ، ئۇچرىغان بالا-قازالىرىنى كۆرەلەيمىز. ئەگەر بىز

«مۇقەددەس كىتاب»تىكى تەلىملەر بويىچە ياشىساق، چوقۇم خاتالاشمايمىز.

بەلكىم بەزىلەر پاۋلۇس كورىنتلىكلارغا يېزىلغان بىرىنچى خېتىدە «ئەرگە تەگمىگەن ۋە خوتۇن ئالمىغان ئەڭ ياخشى، دېگەن ئەمەسمۇ؟» دەپ سورىشى مۇمكىن. شۇنداق، پاۋلۇس بۇ سۆزنى دېگەن. لېكىن، بىز خۇدانىڭ ھەربىر ئېتىقادچىغا مۇشۇنداق ئىرادىسى بار، دەپ خاتا چۈشەنسەك ھەرگىز بولمايدۇ. بۇ سۆز مۇشۇنداق ئىلتىپاتقا ئېرىشكەن ناھايىتى ئاز ساندىكى ئېتىقادچىلارغا نىسبەتەن ئېيتىلغان. ئەينى چاغدا شاگىرتلار زىنادىن باشقا سەۋەب بولمىسا، ئاجرىشىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئاڭلاپ: «ئەر بىلەن خوتۇن ئاجرىشالمىغانىكەن، خوتۇن ئالمىغان ياخشىكەنغۇ؟» دېيىشكەندە، ئەيسا ئۇلارغا: «بۇ ئىلتىپاتقا ھەممىلا ئادەم ئېرىشەلمەيدۇ، كىمگە ئىلتىپات قىلىنسا، شۇنىڭغا بېرىلىدۇ. چۈنكى، تۇغما ئاختىلار بار، باشقىلار تەرىپىدىن ئاختا قىلىنغانلار بار. شۇنداقلا، خۇدانىڭ پادىشاھلىقى ئۈچۈن ئۆز-ئۆزىنى ئاختا قىلىۋەتكەنلەرمۇ بار. بۇ كىمگە ئىلتىپات قىلىنسا، شۇنىڭغا بېرىلىدۇ» دەيدۇ. («ماتتا بايان قىلغان

خۇش خەۋەر» 19-باب، 11-، 12-ئايەت).

«بۇ ئىلتىپاتقا ھەممىلا ئادەم ئېرىشەلمەيدۇ، كىمگە ئىلتىپات قىلىنسا، شۇنىڭغا بېرىلىدۇ» رەب ئەيسا بۇ ئايەت ئارقىلىق بۇ خىل ئىلتىپاتنىڭ ناھايىتى ئاز ساندىكى ئادەملەرگىلا نىسىپ بولىدىغانلىقىنى ئېنىق ئېيتىپ بەرگەن ئەمەسمۇ؟ رەببىمىز بۇ يەردە توي قىلالمايدىغان ئۈچ خىل ئادەملەرنى تىلغا ئالىدۇ. بىرىنچى خىلى تۇغما ئاختىلار، يەنى جىنسىي ئىقتىدارى تۇغما ئاجىزلار. ئىككىنچى خىلى باشقىلار تەرىپىدىن ئاختا قىلىنغانلار، يەنى ئوردىدىكى ئاغۋاتلار ياكى باشقىلار تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار. ئۈچىنچى خىلى بولسا خۇدانىڭ پادىشاھلىقى ئۈچۈن ئۆز-ئۆزىنى ئاختا قىلىۋەتكەنلەر، يەنى خۇداغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىنى خۇداغا ئاتاپ توي قىلمايدىغانلار. شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەككى، بۇ ئۈچ تۈردىكى ئادەملەر ناھايىتىمۇ ئاز ئۇچرايدۇ. دۇنيادا تۇغما ئاختا ئادەملەر ۋە باشقىلار تەرىپىدىن ئاختا قىلىنغان ئادەملەر ناھايىتىمۇ ئاز. شۇنىڭغا ئوخشاش، ئاشۇ خىل ئىلتىپاتقا ئېرىشىپ، خۇداغا

خىزمەت قىلىش ئۈچۈن تۇرمۇش قىلمايدىغانلارمۇ ئوخشاشلا ناھايىتى ئازدۇر. پاۋلۇس مۇنداق دەيدۇ:

«ئەلۋەتتە، ھەممىڭلارنىڭ ماڭا ئوخشاش ئۆيلەنمەسلىكىڭلارنى خالايتتىم. لېكىن، بۇ ئىشتا ھەممە ئادەم ئوخشاش ئەمەس. چۈنكى، خۇدا ئىلتىپات كۆرسىتىپ، بەزىلەرگە ئۆيلىنىشنى، بەزىلەرگە بولسا ئۆيلەنمەي ئۆتۈشنى بەرگەن. ئەمدى بويتاقلار بىلەن جۈپتى ئۆلۈپ كەتكەن ئەر ۋە ئاياللارغا كەلسەك، سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، سىلەرنىڭمۇ ماڭا ئوخشاش ئۆيلەنمەي ياشىشىڭلار ياخشى. لېكىن، ئۆزۈڭلارنى تۇتۇۋالالمىساڭلار، نىكاھلىنىڭلار. چۈنكى، شەھۋەت ئوتىدا كۆيگەندىن كۆرە، نىكاھلىق بولغان ياخشىدۇر» («كورىنتلىكلارغا يېزىلغان بىرىنچى خەت»7-باب، 7-ئايەتتىن 9-ئايەتكىچە).

پاۋلۇس بەلكىم بەزىلەرنىڭ مۇشۇنداق ئىلتىپاتقا ئېرىشمەي تۇرۇپ، زورمۇ زور دورامچىلىق قىلىش نەتىجىسىدە، ئېغىر ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقماسلىقى ئۈچۈن ئاشۇنداق دېگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئايەتتىنمۇ ناھايىتى ئېنىق كۆرەلەيمىزكى، توي قىلماي يالغۇز ياشاش ناھايىتى ئاز ساندىكى ئادەملەرگە ئىلتىپات قىلىنغان. باشقا ئەرلەر خوتۇن ئېلىشى، ئايالمۇ ئەرگە تېگىشى كېرەك. ھېچقانداق ئادەمنىڭ توي قىلىشنى چەكلەش ھوقۇقى يوق، ھەم ھېچقانداق ئادەم ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە توي قىلماسلىقنى بەلگىلىمەسلىكى كېرەك. پەقەت بۇنداق ئىلتىپاتقا ئېرىشكۈچىلەرلا مۇشۇنداق قىلالايدۇ.

پاۋلۇس يەنە مۇنداق دەيدۇ:

«خېتىڭلاردىكى بويىغا يەتكەن رەسىدە
قىزلار مەسىلىسىگە كەلسەك،
رەببىمىزدىن ئۇلار توغرىسىدا بىرەر ئەمر
ئالمىدىم. لېكىن، رەببىمىزنىڭ رەھىم-
شەپقىتى ئارقىلىق ئىشەنچىلىك
خىزمەتكار بولغانلىقىم ئۈچۈن ئۆز
پىكىرلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

مەن شۇنداق قارايمەنكى، بۈگۈنكى قىيىنچىلىقلار تۈپەيلىدىن، ھەركىم بۇرۇنقى ھالىتىدە قالغىنى ياخشى. ئۆيلەنگەن بولساڭ، ئايالىڭنى قويۇۋېتىشنى ئويلىما. ئۆيلەنمىگەن بولساڭ، ئۆيلىنىمەن دېمە. لېكىن، ئۆيلەنسەڭمۇ گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولمايسەن. رەسىدە قىزلارمۇ ئەرگە تەگسە، گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولمايدۇ. بىراق، نىكاھلىق بولغانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتا خىلمۇ خىل قىيىنچىلىقلىرى بولىدۇ. مەن سىلەرنى بۇ قىيىنچىلىقلاردىن ساقلاپ قېلىشنى خالايمەن» («كورىنتلىقلارغا يېزىلغان بىرىنچى خەت» 7-باب، 25-ئايەتتىن 28-ئايەتكىچە).

بۇ ئايەتلەردە تويى قىلىشنىڭ گۇناھ ئەمەسلىكى ھەم ئۇنىڭ ناپاكلىقمۇ ئەمەسلىكى ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىلگەن. لېكىن، تويى قىلىش نۇرغۇن ئاۋارىچىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. راستىنلا شۇنداق بولىدۇ. مەن نۇرغۇن

ئېتىقادچىلارنىڭ توي قىلغاندىن كېيىن، پەرزەنتلىرىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن ئېغىر يۈكلەرنىڭ ئۇلارنىڭ زىممىسىگە ئارتىلغانلىقىنى، ھەم نۇرغۇن ئېتىقادچىلار توي قىلغاندىن كېيىن، ئائىلىدىكى تالاش-تارتىشلار تۈپەيلىدىن، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرەلمەيۋاتقىنىنى كۆرگەنمەن. بولۇپمۇ بۇ خىل ئەھۋال مەملىكىتىمىزدە بەك ئېغىر. ئەگەر ئۇلار توي قىلمىسا، ئەلۋەتتە بۇ قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلمەيدۇ. بىراق، ئۇلار بۇ خىل ئىلتىپاتقا ئېرىشمەي تۇرۇپ، زورمۇ زور يالغۇز ياشىماقچى بولسا، ئاقىۋەت ئۇلار شەھۋەتپەرەسلىكنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، زىنا قىلىش گۇناھىنىڭ پاتقىقىغا پېتىپ قالىدۇ. بۇ زىيان توي قىلغاندىن كېيىن ئۇچرايدىغان قىيىنچىلىقتىنمۇ زور بولىدۇ. پاۋلۇس يەنە توي قىلماي يالغۇز ياشاشنىڭ پايدىلىق تەرىپى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

> «غەمسىز بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۆيلەنمىگەن ئەر رەببىمىزنى قانداق خۇشال قىلىشنى ئويلاپ، رەببىمىزنىڭ ئىشلىرىنىڭ غېمىنى قىلىدۇ. لېكىن، ئۆيلەنگەن ئەر ئايالىنى قانداق خۇشال

قىلىشنى ئويلاپ، بۇ دۇنيا ئىشلىرىنىڭ غېمىدە قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. ئەرسىز ئايال ياكى نىكاھلىق بولمىغان قىز بولسا جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتە ئۆزىنى خۇداغا ئاتاش مەقسىتىدە رەببىمىزنىڭ ئىشلىرىنىڭ غېمىنى قىلىدۇ. لېكىن، نىكاھلىق ئايال ئېرىنى قانداق خۇش قىلىشنى ئويلاپ، بۇ دۇنيا ئىشلىرىنىڭ غېمىدە قالىدۇ» («كورىنتلىكلارغا يېزىلغان بىرىنچى خەت» 7-باب، 32-ئايەتتىن 34-ئايەتكىچە).

بۇ خىل ئىلتىپاتقا ئېرىشىپ، غەمسىز ياشاپ، پۈتۈن نىيەت بىلەن خۇداغا خىزمەت قىلىش ئەلۋەتتە ناھايىتى ياخشى ئىش. لېكىن، بۇنداق ئىلتىپاتى بولمىغانلارنى گۇناھ پاتقىقىغا پاتمىدىمۇ دەيلى، شۇنداقتىمۇ ئۇلار كۆندىلىك تۇرمۇشتا ئاز بولمىغان توقۇنۇشلارغا ۋە ئازابلارغا يولۇقىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا ئۇلارمۇ خۇداغا ياخشى خىزمەت قىلالمايدۇ. بۇنداق ئادەملەرنىڭ يالغۇز

ياشىغىنىدىن كۆرە، توي قىلغىنى ياخشىدۇر.

مەن ياش ھەم تېخى توي قىلمىغان ئېتىقادچىلارغا شۇنداق نەسىھەت قىلىمەنكى، سىلەر توي قىلماي، يالغۇز ياشاش قارارىنى ئالدىراپ چىقارماڭلار ھەم باشقىلارغا بۇ قارارىڭلارنى ئالدىراپ ئېيتماڭلار. بەلكىم سىلەر ھازىرنىڭ ئۆزىدە مۇشۇنداق قىلىشنى خالايسىلەر. لېكىن، سىلەر ئۆز-ئۆزۈڭلانى تېخى تولۇق تونۇپ يېتەلمىگەن ھەم ئۆز ئېھتىياجىڭلارنى تېخى بىلەلمىگەن بولۇشۇڭلار مۇمكىن. گەپنى ئېغىزدا دېيىش ناھايىتىمۇ ئاسان، بىراق كەلگۈسىدە توي قىلماقچى بولۇپ قالسىڭىز، دېگەن سۆزۈڭىزنى قايتۇرۇۋالالماي قالىسىز. شۇنداقلا، باشقىلارنىڭ تەنقىدىگە ئۇچرايسىز. ئەگەر ئۆزىڭىزنىڭ سۆزى بىلەن ئۆزىڭىزنى چەكلەپ، توي قىلمىسىڭىز، كۆپ ئازابقا قالىسىز. ئەگەر سىز بۇ سۆزنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، توي قىلماقچى بولۇپ قالسىڭىز، باشقىلار ئاۋۋالقى سۆزىڭىزنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇۋالىدۇ-دە، سىزگە تەلەپ قويالمايدۇ ھەم سىزگە لايىق تونۇشتۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن سىز توي قىلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قېلىپ، چەكسىز ئازابقا

قالىسىز. بۇ ئۆز-ئۆزىڭىزنى زىيانغا ئۇچراتقانلىق ئەمەسمۇ؟

«مۇقەددەس كىتاب»تا، تــوي مەسىلىسىگە ئائىت مۇنداق ئايەت يېزىلغان:

«مۇقەددەس روھ بىزگە شۇنى ئوچۇق ئېيتىدۇكى، كېيىنكى زامانلاردا بەزىلەر ئېتىقادى تېنىپ، جىنلار ۋە ئۇلارنىڭ ھىيلە-مىكىرگە تولغان تەلىملىرىگە ئەگىشىدۇ. بۇنداق تەلىملەر گۇناھ سادىر قىلىش سەۋەبىدىن ۋىجدانىنى يوقاتقان يالغانچى ساختىپەزلەر تەرىپىدىن دۇنياغا تارقىلىدۇ. بۇ يالغانچىلار نىكاھلىنىشنى ۋە بەزى يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىشنى مەنئى قىلىدۇ. ھالبۇكى، بۇ يېمەكلىكلەرنى خۇدا ئۆزىگە ئېتىقاد قىلغان ھەم ھەقىقەتنى بىلىدىغانلارنىڭ شۈكۈر ئېيتىپ قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن ياراتقان. خۇدا ياراتقان ھەممە نەرسە ياخشىدۇر. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى رەت قىلماي، شۈكۈر ئېيتىپ قوبۇل قىلىش كېرەك. چۈنكى، ھەممە نەرسە خۇدانىڭ

سۆزى ۋە ئىنسانلارنىڭ دۇئاسى بىلەن
هالال بولىدۇ» «تىموتىيغا يېزىلغان
بىرىنچى خەت» 4-باب، 1-ئايەتتىن
5-ئايەتكىچە) .

بۇ ئايەتتىن بىز نىكاھنى چەكلەشنىڭ ھەرگىزمۇ خۇدانىڭ ئىرادىسى ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. بىز ھوشيارلىقىمىزنى ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

دېمەك، تويى قىلىش خۇدا تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. مۇھەببەت بۈيۈكتۇر. خۇدا ئەر ۋە ئاياللارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بويىچە بىرلىشىپ، ئەر-خوتۇن بولۇشىنى خالايدۇ. تويى قىلىش توغرا بولىدۇر. تويى قىلماي يالغۇز ياشاش ئالاھىدە ئەھۋالدۇر. بۇ خىل ئىلتىپاتقا ئېرىشىپ، خۇدا ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئەڭ ياخشى. لېكىن، بۇ خىل ئىلتىپاتقا ئېرىشەلمىگەنلەر تويى قىلىشى كېرەك. ھەرقانداق ئادەمنىڭ تويى قىلىشنى چەكلەش ياكى باشقىلارغا تويى قىلماسلىق ھەققىدە نەسىھەت قىلىش ھوقۇقى يوق. شۇنداقلا تويى قىلغانلارنى كەمسىتىشكە بولمايدۇ. تويى قىلىش خۇدانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بولۇپ، بۇ، «مۇقەددەس كىتاب»تا كۆرسىتىلگەن ھەقىقەت.

2

# توي قىلىشتىكى توغرا يول

«ئىبراھىم قېرىپ كەتكەندى، پەرۋەردىگار ھەرقانداق ئىشتا ئۇنىڭغا بەخت ئاتا قىلىپ كەلدى. مەلۇم بىر كۈنى ئۇ ئائىلىسىدىكى غوجىدارغا:

— قولۇڭنى يوتامنىڭ ئاستىغا قويۇپ تۇرۇپ، پەرۋەردىگار، يەنى ئاسمان-زېمىننىڭ ياراتقۇچىسى بولغان خۇدانىڭ ئالدىدا قەسەم قىلىپ، ئوغلۇم ئىسھاقنى بۇ يەردىكى ئىمانسىز قانانلىقلاردىن ئۆيلەندۈرمەي، چوقۇم يۇرتۇمغا بېرىپ، تۇغقانلىرىم ئارىسىدىن بىر قىز ئېلىپ بېرىدىغانغا ۋەدە بەرگىن، — دېدى. لېكىن، چاكار ئۇنىڭدىن:

— ئەگەر ئۇ قىز ئۆز يۇرتىدىن بۇ يەرگە كەلگىلى ئۇنىمىسىچۇ؟ ئۇ چاغدا ئوغلىڭىزنى ئېلىپ يۇرتىڭىزغا قايتىپ كېتەمتىم؟ — دەپ سورىدى.

ئىبراھىم مۇنداق جاۋاب بەردى:

— ئوغلۇمنى ھەرگىز ئۇ يەرگە ئاپارما!

پەرۋەردىگار، يەنى ئەرشتىكى خۇدا مېنى يۇرت ۋە ئۇرۇق-جەمەتىمدىن ئايرىپ، بۇ زېمىننى ئەۋلادلىرىمغا بېغىشلاشقا قەسەم قىلىپ ۋەدە بەرگەن. شۇڭا، ئۇ ئۆز پەرىشتىسىنى سېنىڭ ئالدىڭغا ئەۋەتىپ، ئوغلۇمغا ئۇ يەردىن بىر قىز تېپىشىڭغا ياردەم قىلىدۇ. مۇبادا ئۇ قىز سەن بىلەن كېلىشكە ئۇنىمىسا، بۇ قەسەمدىن خالىي بولىسەن. لېكىن، ئوغلۇمنى ھەرگىز ئۇ يەرگە ئاپارمىغىن!

بۇنىڭ بىلەن ھېلىقى چاكار قولىنى خوجايىنى ئىبراھىمنىڭ ئىككى يوتىسىنىڭ ئاستىغا قويۇپ تۇرۇپ، ئىبراھىمنىڭ تاپشۇرۇقىنى بەجا كەلتۈرۈشكە قەسەم بەردى. چاكار خوجايىنىنىڭ تۆگىلىرىدىن ئوننى تاللاپ، ئۇلارغا ھەر خىل قىممەت باھالىق سوۋغاتلارنى ئارتىپ، يولغا چىقتى. ئۇلار ئاررام-ناھارائىم رايونىغا بېرىپ، ناھور تۇرغان شەھەرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، شەھەرنىڭ

سىرتىدىكى بىر قۇدۇقنىڭ يېنىدا تۆگىلەرنى چۆكتۈردى. بۇ، كۈن پېتىپ قالغان چاغ بولۇپ، قىزلار قۇدۇققا سۇ ئالغىلى چىقىدىغان ۋاقىت ئىدى.

چاكار مۇنداق دەپ دۇئا قىلدى:

— ئى پەرۋەردىگار! سەن خوجايىنىم ئىبراھىم ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇداسەن. خوجايىنىمغا مېھىر-شەپقەت كۆرسىتىپ، ئىشىمنى ئوڭغا تارتقايسەن. مەن ھازىر قۇدۇق يېنىدا تۇرىمەن. شەھەر قىزلىرى بۇ يەرگە سۇغا كېلىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ بىرىگە: كومزىكىڭىزدىكى سۇدىن ئىچىۋالسام قانداق؟ دەيمەن. ئەگەر ئۇ: ئىچىڭ! تۆگىلىرىڭىزگىمۇ سۇ ئەكېلىپ بېرەي دېسە، بۇ قىز خىزمەتكارىڭ ئىسھاققا تاللاپ بەرگىنىڭ بولسۇن. بۇنىڭدىن سېنىڭ خوجايىنىمغا مېھرىبانلىق قىلغانلىقىڭنى بىلەلەيمەن. ئۇنىڭ دۇئاسى ئاياغلاشمايلا، رەبەكا كومزىكىنى مۈرىسىدە كۆتۈرۈپ، قۇدۇقنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ بېتۇئېلنىڭ قىزى ئىدى.

بېتۈئېل بولسا ئىبراھىمنىڭ ئىنىسى ناھور بىلەن ئۇنىڭ ئايالى مىلكانىڭ ئوغلىدۇر.

رەبەكا تېخى يۈزى ئېچىلمىغان، ئىنتايىن چىرايلىق پاك قىز ئىدى. ئۇ قۇدۇقنىڭ يېنىغا بېرىپ، كومزىكىگە سۇ تارتىپ چىقتى. ئىبراھىمنىڭ چاكىرى قىزنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن:

— ماڭا سۈيىڭىزدىن ئازراق بەرسىڭىزچۇ،

— دەپ سورىدى قىز ئۇنىڭغا: مانا، ئىچىڭ دەپلا، دەرھال مۈرىسىدىكى كومزەكنى قولىغا ئېلىپ، ھېلىقى چاكارغا بەردى. چاكار سۇنى ئىچىپ بولۇشىغا، رەبەكا ئۇنىڭغا:

— تۆگىلىرىڭىزگىمۇ سۇ ئەكېلىپ بېرەي، ئۇلارمۇ ئىچىپ قانسۇن، — دېدى.

ئۇ دەرھال كومزەكتىكى سۇنى ئوقۇرغا قۇيغاندىن كېيىن، يەنە يۈگۈرۈپ بېرىپ قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ كېلىپ، ھەممە تۆگىلەرنى قانغۇدەك سۇغىرىپ بەردى.

چاكار پەرۋەردىگار يولىنى ئوچۇق قىلغان قىلمىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن جىمجىت كۆزىتىپ تۇردى. تۆگىلەر سۇنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ بەش يېرىم گىراملىق ئالتۇن ھالقىنى قىزنىڭ بۇرنىغا، ۋە يەنە يىگىرمە ئۈچ گىراملىق بىر جۈپ ئالتۇن بىلەزۈكنى بىلىكىگە سېلىپ قويدى. ئاندىن:

— سىز كىمنىڭ قىزى بولىسىز؟ سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلاردا بىز قونغۇدەك يەر بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

قىز ئۇنىڭغا:

— ناھور بىلەن مىلكانىڭ ئوغلى بېتۇئېلنىڭ قىزى بولىمەن» («ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» 24:1ـ14).

ئالدىنقى بابتا بىز نىكاھنىڭ خۇدانىڭ ئىرادىسى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنى ھۆرمەتلىشىمىز كېرەكلىكىنى تەپسىلىي كۆرۈپ ئۆتتۇق. بۇ بابتا بىز توي قىلىشتىكى ئەڭ مۇۋاپىق يولنىڭ زادى قايسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆتىمىز.

مەملىكىتىمىزدە، قەدىمكى زاماندا «ئاتا-ئانىنىڭ بۇيرۇقى، ئەلچىنىڭ سۆزى» دېگەن سۆز بار ئىدى. لېكىن، هازىرقى زامان كىشىلىرى ئەركىن مۇھەببەتلىشىپ توي قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بىز بۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسىغا ئەمەل قىلساق ياخشى بولار؟ بىزنىڭ جاۋابىمىز شۇكى، بىز ھەر ئىككىلىسىنى قوللىمايمىز. چۈنكى، بىزنىڭ قولىمىزدا تۇرمۇشىمىزنىڭ يېتەكچىسى بولغان «مۇقەددەس كىتاب» بار. بىز بۇ جەھەتتىكى توغرا يولنى دەل مۇشۇنىڭدىن ئىزدەيمىز. بىزنىڭ پۈتكۈل ھاياتىمىزغا بولغان ئىرادىسىنى «مۇقەددەس كىتاب»تا ئېنىق نامايان قىلغان خۇدا بىزنىڭ ئۆمۈرلۈك چوڭ ئىشىمىزنى ئويلاشماي قالارمۇ؟ ئەگەر بىز «مۇقەددەس كىتاب»نى كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇيدىغان بولساق، خۇدانىڭ بۇ جەھەتتە بىزگە كۆرسەتمە بەرگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى»نىڭ 24-بابىدا، ئىبراھىمنىڭ ئوغلى ئىسهاققا خوتۇن ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، چاكىرىنى ئۆز يۇرتىغا ئەۋەتكەنلىكى خاتىرىلەنگەن. مانا بۇ ئىش بىزگە ناھايىتى ئېنىق تەلىم بېرەلەيدۇ.

بىز ئەستايىدىللىق بىلەن ئويلاپ باقايلى، بۇ

ئايەتلەردە خۇدا ئالدى بىلەن بىزگە ئېتىقادچىلارنىڭ جۈرە تالىلىغاندا، چوقۇم ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكى ئىچىدىن تاللىشى كېرەكلىكىنى كۆرسەتكەن. ئىبراھىم ئوغلى ئىسھاققا خوتۇن ئېلىپ بېرىش ئىشىدا چاكىرىنى چاقىرىپ كېلىدۇ. ئۇنى ئىسھاققا قانانلىقلاردىن خوتۇن ئېلىپ بەرمەسلىك ھەمدە ئۇنىڭ ئىسھاققا ئۆز يۇرتى ۋە ئۆز مىللىتى ئارىسىدىن بىر قىزنى تېپىپ ئېلىپ بېرىش ھەققىدە قەسەم قىلدۇرۇپ، ۋەدە ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چاكىرىنىڭ ئىسھاقنى يۇرتىغا ئېلىپ بېرىشىغا يول قويمايدۇ. ئىبراھىم بۇ ئىشنى ناھايىتى دانالىق بىلەن قىلغانىدى. ئۇ قانانىكى بۇتقا چوقۇنىدىغان قىزلارنىڭ ئىسھاققا ماس كەلمەيدىغانلىقىنى ھەم ئۆز يۇرتىدىكى كىشىلەرنىڭ خۇداغا ئۆزىدەك چوقۇنمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. لېكىن، بۇنىڭدىن باشقا ياخشىراق جاي يوق ئىدى. ئىسھاقمۇ توي قىلىش يېشىغا بېرىپ قالغانىدى. ئىبراھىمنىڭ بۇ ئىشى بىزگە بېرىلگەن بىر ئۈلگە ئەمەسمۇ؟ ئېتىقادسىزلارنىڭ ئېتىقادچىلارنىڭ لايىقى بولۇشىغا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ. ئېتىقادچىلار

جۆرە تاللىغاندا، پەقەت ئۆز روھقا ئائىت ئائىلىسى ئىچىدىن يەنى ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكى ئىچىدىن تاللىشى كېرەك. خۇدا ئۆزىگە تەۋە كىشىلەرنىڭ بۇ دۇنيا كىشىلىرى بىلەن بىرلىشىشىگە رۇخسەت قىلمايدۇ. ئۇ بىزگە ناھايىتى ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

> «سىلەر بىلەن ئېتىقادسىزلار ئەسلىدىنلا ماس كەلمەيدۇ. شۇڭا، بىر بويۇنتۇرۇقتا بولماڭلار».

> «سىلەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئۇلاردىن پەرقلىنىشىڭلار كېرەك. ناپاك نەرسىلەرگە يېقىنلاشمىساڭلار، مەن سىلەرنى قوبۇل قىلىمەن» («كورىنتلىكلارغا يېزىلغان ئىككىنچى خەت» 6-باب، 14-، 17-ئايەتلەر).

«كونا ئەھدە»دە خۇدا ئۆزىگە تەۋە كىشىلەرنىڭ تائىپىلەر بىلەن توي قىلىشىنى چەكلىگەن. بۇ توغرىسىدا خۇدا ئۇلارغا مۇنداق دەيدۇ:

«ئۇلار بىلەن قۇدىلىششىقا بولمايدۇ، قىزىڭنى ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرىغا بەرمە، ئوغلۇڭ ئۇلارنىڭ قىزلىرىنى ئالمىسۇن. چۈنكى، ئۇ ئوغلۇڭنى خۇدادىن ئايرىپ، بۇتقا چوقۇندۇرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن، پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپى تېشىپ، سىلەرنى تېزدىن ھالاك قىلىدۇ» («قانۇن شەرھى» 7-باب، 3-، 4-ئايەت).

«يېڭى ئەھدە»دىمۇ خۇدا ئۆزىگە تەۋە كىشىلەرنىڭ ئېتىقادسىزلار بىلەن بىرلىششىنى ئوخشاشلا چەكلىگەن. ئەگەر بىز بۇ بۇيرۇققا بويسۇنمىساق، گۇناھ قىلغان بولىمىز. ئېتىقادچىلارنىڭ جۈرە تاللىشىدىكى بىرىنچى شەرت قارشى تەرەپنىڭمۇ چوقۇم ئېتىقادچى بولۇشىدۇر. باشقا شەرتلەرگە يول قويۇشقا بولىدۇ، ئەمما بۇنىڭغا قەتئىي يول قويۇشقا بولمايدۇ. بۇ مەسىلە توغرىسىدا بىز 3-بابتا تەپسىلىي توختىلىمىز.

«ئالەمنىڭ يارىتىلىشى»نىڭ 24- بابىدىن بىز كۆرۈۋېلىشقا تېگىشلىك ئىككىنچى ئىش شۇكى، تويغا خۇداغا ئىخلاسمەن ئاقساقاللار

مەسئۇل بولۇشى كېرەك. ئىبراھىم ئوغلى ئىسھاققا خوتۇن ئېلىپ بېرىشتە، نېمە دېگەن ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرگەن-ھە! ئەگەر ئۇ خوتۇن ئېلىش ئىشىنى ئوغلى ئىسھاقنىڭ ئىختىيارىغا قويۇۋەتكەن بولسا، ئىسھاقنىڭ كۆزى بەلكىم قاناندىكى چىرايلىق قىزدىن بىرىگە چۈشۈپ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغان بولاتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىككىنچى ئەۋلادى بۇتقا ئېتىقاد قىلىشنى باشلايتتى. ئىسھاق قانانىدىن خوتۇن ئالمىغان تەقدىردىمۇ، چاكار بىلەن بىللە ئىبراھىمنىڭ يۇرتىغا بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، ئۇ يەردە توي قىلغان بولاتتى. ئەگەر ئۇ بارغان بولسا، رەبەكانىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئۇلارنىڭ شۇ يەردىن ئۆي تۇتۇشىنى تەشەببۇس قىلاتتى-دە، ئىسھاق دادىسى ئىبراھىمنىڭ يېنىغا قايتىپ كېتەلمەيتتى. رەبەكانىڭمۇ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى-دە، ئىسھاق خوتۇنىغا باغلىنىپ، شۇ يەردە تۇرۇپ قالغان بولاتتى. ئىبراھىم خۇدا تەرىپىدىن ھاران شەھرىدىن ئايرىۋېتىلگەن تۇرسا، ئۇنىڭ ئوغلى ھارانغا كەتسە، ئويلاپ بېقىڭ، خۇدانىڭ ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا بولغان ئىرادىسى ئەمەلگە

ئاشامدۇ؟ ئىسھاقنىڭ تەجرىبىسى ئەلۋەتتە دادىسىنىڭكىدىن مول ئەمەس. شۇڭا بۇ ئىشتا ئىبراھىم ئوغلىنى يېتەكلىدى. نەتىجىدە قانداق بولدى؟ ئىسھاق ئەڭ ياخشى خوتۇنغا ئېرىشتى. ئەگەر ئىسھاقنىڭ ئىختىيارىچە بولغان بولسا، ئۇ ھەرگىزمۇ بۇنداق ياخشىسىغا ئېرىشەلمەيتتى.

ياشلارنىڭ ئەگەر خۇداغا ئىخلاسمەنلىك بىلەن خىزمەت قىلىدىغان، ئېتىقادى كۈچلۈك، كۆپنى كۆرگەن ئاتا-ئانىسى بولسا، تويى ئىشىدا لايىقنى ئەڭ ياخشىسى ئاتا-ئانا تاللاپ بەرسە ياخشى. ئەمما بۇ چوقۇم شۇ ياشنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتۈشى كېرەك. ياكى ياشلار ئۆزى لايىق تاپقاندىن كېيىن، ئاتا-ئانىسىغا ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشى كېرەك. ئەگەر بۇ جەھەتتە سىزنىڭ كۆزقارىشىڭىز بىلەن ئاتا-ئانىڭىزنىڭ پىكرى ئوخشاش چىقمىسا، ھەرگىزمۇ ئۆزىڭىز خالىغانچە ئىش قىلماڭ. چۈنكى، سىز ئۇلارغا قارىغاندا كۆپ نەرسىلەرنى بىلمەيسىز ھەم ئۇلارغا قارىغاندا كۆپ تەجرىبىسىز. ئەگەر بۇنداق بولمىغاندا، ئاخىر بىر كۈنى پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا تاپالماي قالىسىز.

ئەگەر ئاتا-ئانىسى ئالەمدىن ئۆتكەن

ياشلارنىڭ ئائىلىسىدە خۇداغا ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئېتىقاد قىلىدىغان چوڭلار بولسا، ياشلار ئۇلارنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلسۇن. ئەگەر ئۇنداق ئادەم بولمىسا، ئېتىقادى كۈچلۈك ئېتىقاتچىلاردىن ياردەم سورىسۇن. ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىدىكى ئاقساقاللاردىن ياردەم سورىسىمۇ بولىدۇ.

بۇنداق قىلىش ناھايىتىمۇ ئاقىلانىلىقتۇر. چۈنكى، ياشلارنىڭ دۇنيانى چۈشىنىشى تېيىز، تەجرىبىسى كەمچىل، نۇرغۇنلىغان ئىشلارنى ئۇلار تېخى چۈشىنىپ يەتمىگەن. ئۇلار پەقەت كۆز ئالدىدىكى ئىشلارنىلا كۆرەلەيدۇ، كەلگۈسىنى كۆرەلمەيدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئۇلار دائىم نۇرغۇنلىغان خاتالىقلارنى ئۆتكۈزىدۇ. باشقىلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كېتىدۇ ھەم نۇرغۇنلىغان نامۇۋاپىق ئىشلارنى قىلىپ قويىدۇ. باشقا ئىشلاردا خاتالىق كەتسە، ئۇنى تۈزەتكىلى بولىدۇ، بىراق توي ئىشىدا خاتالىق كۆرۈلسە، ئۇنىڭغا ئامال قىلغىلى بولمايدۇ. چوڭلارنىڭ بېشىدىن نۇرغۇنلىغان ئىسسىق-سوغۇقلار ئۆتكەچكە، ئۇلار سىلەرنى ئاگاھلاندۇرالايدۇ ۋە سىلەرگە ياخشى مەسلىھەتلەرنى كۆرسىتەلەيدۇ.

ئۇلارنىڭ سۆزلىرى بەلكىم سىزنىڭ ئارزۇلىرىڭىز بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ، ئۇلارنىڭ سۆزلىرى بويىچە ئىش قىلسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ توغرا قىلغانلىقىڭىزنى ئۇزۇن ئۆتمەي بىلىسىز. ئەگەر سىز ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە كىرمەي، ئۆزىڭىزنىڭ خالىغىنىنى قىلسىڭىز، ھامان پۇشايماننى ئالدىغان قاچا تاپالماي قالىسىز. «گەر كىرمىسەڭ چوڭلار سۆزىگە، بالا-قازا ئالدىڭدىدۇر» دېگەن بۇ ماقال ناھايىتىمۇ توغرا ئېيتىلغان سۆزدۇر.

توي ئىشىدا باشقىلارنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىشنىڭ يەنە بىر پايدىلىق تەرىپى شۇكى، ئۇ سىزنى مۇھەببەتنىڭ قارىغۇلۇقىدىن ساقلاپ قالىدۇ. مۇھەببەت كىشىلەرنىڭ كۆزىنى ناھايىتى ئاسانلا قارىغۇ قىلىپ قويىدۇ. ئەگەر بىر ئەرنىڭ بىر ئايالغا مۇھەببىتى بولمىسا، ئۇ قارشى تەرەپنىڭ قانداق ئارتۇقچىلىقى، قانداق كەمچىلىكى بارلىقىنى ئېنىق پەرق ئېتەلەيدۇ. ئەگەر بۇ ئەردە ئۇ ئايالغا نىسبەتەن مۇھەببەت پەيدا بولغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇ ئەر ئايالنىڭ كەمچىلىكى ۋە يېتەرسىزلىكىنى ھەرگىزمۇ كۆرەلمەيدۇ. كۆرەلىگەن تەقدىردىمۇ

كەچۈرۈۋېتىشى مۇمكىن. ئايال گەرچە سەت بولسىمۇ، ئۇنىڭ كۆزىگە ئالاھىدە چىرايلىق كۆرۈنىدۇ، ئۇنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرى شاللاق بولسىمۇ، ئۇنىڭ كۆزىگە سەبىي كۆرۈنىدۇ، باشقىلار ئۇنى دۆت، دەپ قارىسا، ئۇ ئەر ئۇنى ئەقىللىق، دەپ قارايدۇ. بۇ ئەرنىڭ مۇشۇنداق قارىشى ھەرگىزمۇ ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس. چۈنكى، مۇھەببەت ئۇنىڭ كۆزىنى قارىغۇ قىلىپ قويغان. بۇنىڭغا نېمە ئامال بولسۇن؟ ئەرلەرلا ئەمەس، ئاياللارمۇ دەل مۇشۇنداقتۇر. بۇنداق ئەھۋالدا ئىككى تەرەپ ئاسانلا توي قىلىش قارارىغا كېلىشىدۇ. ئۇلار توي قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بۇ خىل قارىغۇلۇق ئۆز كۈچىنى يوقىتىدۇ-دە، ھەر ئىككىلا تەرەپ بىر-بىرىنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى كۆرەلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى ئاستا ئاستا نەپرەتكە ئايلىنىپ، ئۇرۇشۇشقا باشلايدۇ. جېدەللىشىش تېخىمۇ كەسكىنلىشىسە، ھەرقانداق بىر تراگېدىيە يۈز بېرىشى مۇمكىن. مۇنداق ئىشلار تۇرمۇشتا ناھايىتىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ.

شۇنداق كىشىلەرمۇ باركى ئۇلار يات جىنسلىقلارغا نىسبەتەن ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىنى ئاسان ئىپادىلىمەيدۇ. يات جىنسلىقلارنى ئىنچىكە

كۆزىتىش ئەلۋەتتە ناھايىتى ياخشى ئىش. لېكىن، بۇمۇ خەتەرلىك. چۈنكى، ئىككى يات جىنىستىكىلەر بىر يەردە بولغاندا، بىر تەرەپتە قارشى تەرەپكە نىسبەتەن قىزىقىش پەيدا بولسا، ئۇ مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن ئۆزىنىڭ ئەيىبلىرىنى كۈچىنىڭ بارىچە ياپىدۇ. ھەرقانداق ئىشتا قارشى تەرەپنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئىستىكىدە بولىدۇ. ھەتتا بەزى ئادەملەر ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىپ، تۈرلۈك ئاماللار بىلەن بىرلىشىش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولۇشىدۇ. مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئۇلار ھەرقانچە كۆزەتكەن بىلەن ئالدىنىپ قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، ئۇلار پەقەت توي قىلغاندىن كېيىنلا، بىر-بىرىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ. لېكىن، ياغاچ قېيىق بولۇپ بولغاندا، ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدۇ-دە. بۇنداق ئىشلارمۇ ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ.

پاراسەتلىك ئاتا-ئانىلار ياكى ئاقساقاللارنىڭ تاللىغىنى بۇنىڭغا قارىغاندا كۆپ بىخەتەر بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار بىۋاستە ئالاقىدار كىشى بولمىغاچقا، ئۇلار مۇھەببەتنىڭ قارىغۇلۇقىغا ئۇچرىمايدۇ. ئۇلار كۆزەتكۈچىلىك نەزىرى بىلەن تەكشۈرىدۇ ۋە

پەرقلەندۈردۇ. ئۇلار قارشى تەرەپنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە كەمچىلىكىنى ئاسانلا كۆرۈۋالالايدۇ. يەنە كېلىپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەجرىبىسىنىڭ موللۇقى ۋە ياشلار چۈشەنمەيدىغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى چۈشىنەلىگەنلىكى ئۈچۈن ياشلار كۆرەلمەيدىغان خەتەرنى كۆرەلەيدۇ. ئۇلارنىڭ تاللىغان لايىقلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئوڭۇشلۇق بولىدۇ، دەپ ئېيتالمىساقمۇ، لېكىن ياشلارنىڭ ئۆزلىرى تاللىغانغا قارىغاندا خەترى كۆپ كىچىك بولىدۇ.

شۇنىڭغا دىققەت قىلىڭلاركى، مەن ھەرگىزمۇ بارلىق ياشلارغا ئاتا-ئانىسى لايىق تېپىپ بەرسۇن، دېگەنى تەشەببۇس قىلمايمەن. مەن پەقەت دانا، پاراسەتلىك ئاتا-ئانىلار بېكىتكەن نىكاھ بىخەتەر بولىدۇ، دېمەكچىمەن. شۇنداق ئاتا-ئانىلارمۇ باركى، ئۇلار پەرزەنتلىرىنىڭ توي ئىشىغا ياردەم بېرەلمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە ئۇلار پەرزەنتلىرىنىڭ بەختىگە ئولتۇرۇپ قويىدۇ. ئۇلار قارشى تەرەپنىڭ چىرايىغا ۋە مال-مۈلكىگە كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ ئېتىقادى ۋە ئەخلاقىغا سەل قارايدۇ. بۇنىڭدىنمۇ يامىنى شۇكى، بەزىلەر ھوقۇق ۋە پۇلنى دەپ، ئۆز

قىزلىرىنى باشقىلارغا ھەدىيە قىلىدۇ. ھەتتا قىزلىرىنى توقاللىققا بېرىدىغانلارمۇ بار. بۇنداق ئاتا-ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ توي ئىشلىرىنى بېكىتىشكە لايىق ئەمەس. مانا مۇشۇنداق ئاتا-ئانىسى بولغان ياشلار زور ئىشەنچ ۋە غەيرەت بىلەن ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇشى كېرەك. بۇ ئىشقا يول قويۇشقا قەتئىي بولمايدۇ. ئەلۋەتتە، ئاتا-ئانىلىرىمىزنى ھۆرمەتلىشىمىز كېرەك. لېكىن، ئۇلارنىڭ تەشەببۇسى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشى مۇۋاپىق بولمىسا، بىز قەتئىي قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك. مۇشۇ ئىش تۈپەيلى ئازابلارغا ۋە قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىساقمۇ، تىز پۈكمەسلىكىمىز لازىم.

«ئالەمنىڭ يارىتىلىشى»نىڭ 24-بابىدىن بىز يەنە كۆرۈۋېلىشقا تېگىشلىك ئۈچىنچى ئىش شۇكى، توي ئىشىغا خۇداغا ئىخلاسمەن، كۆپنى كۆرگەن ئادەملەرنى ئەلچى قىلىش كېرەك. ئىسھاقنىڭ مۇنداق ياخشى خۇتۇنغا ئىگە بولۇشى ئۇنىڭ ئىخلاسمەن دادىسىنىڭ ۋە ئەڭ مۇۋاپىق ئەلچىنىڭ بولغانلىقىدىدۇر. بۇ ياشانغان ئادەم پەقەتلا خۇداغا ئىخلاسمەن بولۇپلا قالماستىن،

بەلكى يەنە كۆپىنى كۆرگەن، ئەقىل-پاراسەتلىك ئادەم ئىدى. شۇڭا ئۇ دۇئاسىدا مۇنداق دەيدۇ:

«مەن ئۇلارنىڭ بىرىگە: كومزىكىڭىزدىكى سۇدىن ئىچىۋالسام قانداق؟ دەيمەن. ئەگەر ئۇ: ئىچىڭ! تۆگىلىرىڭىزگىمۇ سۇ ئەكېلىپ بېرەي دېسە، بۇ قىز خىزمەتكارىڭ ئىسھاققا تاللاپ بەرگىنىڭ بولسۇن. بۇنىڭدىن سېنىڭ خوجايىنىمغا مېھرىبانلىق قىلغانلىقىڭنى بىلەلەيمەن» («ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» 24-باب، 14-ئايەت).

چۈنكى، ئۇ چوڭلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، يولۇچىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان، ھاكاۋۇر ۋە ھورۇن بولمىغان، شۇنداقلا كىشىلەرگە ھەرۋاقىت خۇشاللىق بىلەن ياردەم قىلىدىغان قىزنىڭ چوقۇم ياخشى خوتۇن بولالايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئەگەر ياشلارنىڭ لايىق تاللىشىدا مۇشۇنداق بىر ئەلچىسى بولسا، بۇ ئۇنىڭ بەختىدۇر.

مۇنداق ئەلچىلەرنى ھەرگىزمۇ نىيىتى يامان، توي ئىشىنى سودا-سېتىققا ئايلاندۇرۇۋالغان دەللاللارغا سېلىشتۇرۇشقا بولمايدۇ. مۇنداق دەللاللار جەمئىيەتنىڭ پارازىت قۇرۇتلىرىدۇر. شۇڭا، بۇنداق ئادەملەردىن ھەزەر ئەيلەش لازىم. گەرچە بىز ئۇلارنى جەمئىيەتتىن سۈپۈرۈپ چىقىرىۋېتەلمىسەكمۇ، بىراق مۇنداق ئادەملەرگە يېقىن يولىماسلىقىمىز كېرەك. ياخشى ئەلچىلەرگە كەلسەك، ئۇلار ھۆرمەتكە لايىق بولۇپلا قالماي، يەنە توي ئىشلىرىدا كەم بولسا بولمايدۇ. ئىبراھىمنىڭ ياشىنىپ قېلىپ، يىراق سەپەرگە ئاتلىنىپ، ئىسھاققا خوتۇن ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا، بۇ ئىشلارنى چوقۇم ئەلچىنىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. بۇ ئەلچى ئىنتايىن ياخشى ئەلچى بولغاچقا، ئىسھاق ئۈچۈن ناھايىتىمۇ ۋاپادار بىر قىزنى تاللاپ، ئۇنىڭغا ئېلىپ بەردى. ئاتا-ئانا بولغۇچى ئۆز پەرزەنتلىرىگە مۇۋاپىق لايىق تاللاش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇۋېرىشى ناتايىن. چۈنكى، ئۇلارنىڭ تونۇشۇش دائىرىسى تار بولۇشى مۇمكىن. مۇشۇنداق چاغلاردا ئەلچىنىڭ بولۇشى زۆرۈردۇر. ئەلچى چوقۇم خۇداغا تايىنىدىغان، كۆپىنى

كۆرگەن، ياشانغان ئادەملەردىن بولۇشى كېرەك. ئەڭ مۇھىمى، بۇ ئادەم خۇدادىن ئەيمىنىدىغان بولۇشى كېرەك. پاراسەتلىك ئاتا-ئانا باش ھەم ئىخلاسمەن كىشى ئەلچى بولغان مۇنداق نىكاھ قوش كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە، نۇرغۇن كىشىلەر ئەركىن بىرلىشىشنى، ئاتا-ئانىسىنى ۋە ئەلچىلەرنى ئارىلاشتۇرماسلىقنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئىككى تەرەپ بىر-بىرىنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ قالسىلا، ئۇلار مۇھەببەتلىشىشكە باشلايدۇ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇلار بىرگە ياشاشنى قارار قىلىشىدۇ. ئۇلار بۇنى ئىشنى ئاددىيلاشتۇرغانلىق دەپ قارايدۇ. بۇنداق ئەركىن بىرلىشىشنىڭ نەتىجىسى قانداق بولىدۇ؟ بەزى ئەرلەرنىڭ خوتۇنى بار بولسىمۇ، سىرتتا ئالدامچىلىق قىلىپ، يەنە ئۈستىگە خوتۇن ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئايالى ئەھۋالنى بىلگەندە، ياغاچ ئاللىقاچان قېيىق بولۇپ بولغاچقا، ھېچنېمە قىلالمايدۇ. ئەركىن بىرلىشىشنى تەشەببۇس قىلغان بۇ ئاياللار پەقەتلا باشقىلارغا ئەركىن ھالدا توقال بولىدۇ، خالاس. بەزى ئەرلەر ئاياللارنى ئالداپ قولغا كەلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن، بىر مەزگىل ئەخمەق قىلغاندىن كېيىن،

تاشلىۋېتىدۇ-دە، يەنە باشقا قىزلارنى ئەخمەق قىلىشقا باشلايدۇ. بەزى ئاياللارمۇ ئەرلەرنىڭ پۇلىنى دەپ توي قىلىپ، ئەرلىرىنىڭ پۇلىنى خالىغانچە بۇزۇپ چاچىدۇ. ئەرنىڭ پۇلى تۈگىگەندە، باشقا ئەرلەر بىلەن مۇھەببەتلىشىدۇ. يەنە بەزىلەر ئالدىنىپ، پاھىشىلىققا سېتىلىدۇ. يەنە بەزىلەر ئاجرىشىپ كېتىشى مۇمكىن. ھەتتا بەزىلەر زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، ئۆلتۈرۈلۈشى مۇمكىن. گەرچە ئەركىن نىكاھلىنىشنى كۆڭۈلدىكىدەك نىكاھ ئەمەس دېيەلمىسەكمۇ، ئەمما مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغانلىرى بەكمۇ ئاز. شەك-شۈبھىسىزكى، ياخشى ئەلچى مۇستەھكەم نىكاھنىڭ كاپالىتىدۇر.

بۇ ئايەتلەردىن بىز تەلىم ئېلىشقا تېگىشلىك تۆتىنچى ئىش شۇكى، توي ئىشىدا چوقۇم خۇدانىڭ بىزنى يېتەكلىشىنى تىلىشىمىز لازىم. ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ چاكىرى بىزگە بۇ توغرىسىدا ناھايىتى ياخشى ئۈلگە تىكلەپ بەرگەن. ئىبراھىم ياشانغان چاكىرىنى ئەۋەتىدىغان چاغدا ئۇنىڭغا: «پەرۋەردىگار -ئەرشتىكى خۇدا مېنى يۇرت ۋە ئۇرۇق-جەمەتىمدىن ئايرىپ، ماڭا بۇ زېمىننى ئەۋلادلىرىمغا بېرىشكە قەسەم قىلىپ ۋەدە

بەرگەن. شۇڭا، ئۇ ئۆز پەرىشتىسىنى سىنىك ئالدىڭغا ئەۋەتىدۇ. پەرىشتە ئۇ يەردىن ئوغلۇمغا بىر قىز تېپىشقا ياردەم قىلىدۇ» دەيدۇ. بۇ چاكارمۇ قانانغا يېتىپ بارغاندا، ئالدى بىلەن خۇدادىن تىلەپ مۇنداق دەيدۇ:« ئى پەرۋەردىگار! سەن خوجايىنىم ئىبراھىم ئىبادەت قىلغان خۇداسەن! خوجايىنىمغا مېھىر-مۇھەببەت كۆرسىتىپ، ئىشىمنى ئوڭغا تارتقايسەن» مۇشۇنداق بىر ئاتا باش بولغان، مۇشۇنداق بىر ئەلچى يول ماڭغان بۇ تويىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس، ئەلۋەتتە.

ئېتىقادچىلار ئۆزلىرىنىڭ توي ئىشىدا چوقۇم خۇدانىڭ يېتەكلىشىنى ۋە خۇدانىڭ مۇرات-مەقسەتلىرىگە يەتكۈزۈشىنى تىلىشى كېرەك. بۇ ھەرقانداق ئىشتىن مۇھىم. ئەگەر مۇنداق بولمىغاندا، ئالدىڭىزدىكى خەتەرىڭىز كۆپ بولىدۇ. «مۇقەددەس كىتاب»تا، بىزگە مۇنداق تەلىم بېرىلگەن:

> «ئىشلىرىڭنى خۇداغا تاپشۇر ھەم ئۇنىڭغا تايان. ئۇ چوقۇم ئىشلىرىڭنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرىدۇ» («زەبۇر»

30ـ باب 5ـ ئايەت).

يەنە مۇنداقمۇ دېيىلگەن:

«سەن چىن قەلبىڭدىن خۇداغا تايان، ئۆز ئەقىل ـ پاراستىڭگە تايانما. قىلغان بارلىق ئىشلىرىڭدا ئۇنى تونۇغىن، ئۇ چوقۇم سېنى يېتەكلەيدۇ» («پەندى ـ نەسىھەتلەر» 3ـ باب، 5ـ، 6ـ ئايەت).

بىز بارلىق ئىشلىرىمىزدا خۇداغا تايىنىپ، ئۇنى تونۇشىمىز كېرەك ئىكەن، ئەلۋەتتە توي ئىشىمىزدا تېخىمۇ شۇنداق قىلىشىمىز كېرەك. ئەگەر بىز خۇدانىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىساق، بىز خۇدانىڭ ئىجازىتىنى كۈرەلەيمىز. ئۇ چوقۇم سىزنى يېتەكلەيدۇ. بۇ نەقەدەر بەختەر ھەم نەقەدەر بەختىيار ئىش ـ ھە!

بىر ئادەم ئۆز ئەقلىگە، بىلىمىگە ۋە قابىلىيىتىگە تايىنىپ بىر ئىشنى قىلغاندا، ئۇنىڭ چوقۇم ئەتراپلىق ئويلىيالمايدىغان تەرەپلىرى بولىدۇ. ئاقىللار خاتالىق ئۆتكۈزگەن يەردە، ئادەتتىكى ئادەملەر قانداق بولماقچى ئىدى؟ بىر ئادەمنى تەلتۆكۈس چۈشىنىش بەكمۇ تەس. بەزىدە بىز مەلۇم بىرسى بىلەن خېلى ئۇزۇن مەزگىل

بىللە تۇرۇپمۇ، ئۇنىڭ يېرىمىنىمۇ چۈشىنىپ يېتەلمەيمىز. سىرلىق ئادەملەرنى چۈشەنمەك تېخىمۇ تەس. بىر-بىرىنى چۈشەنمەي بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈشتە ئويلاپ باقمىغان بەختسىزلىكلەر يۈز بېرىشى مۇمكىن.

ئەگەر بىز خۇدانىڭ يېتەكلىشىگە تەلپۈنسەك، ئۇنىڭ ئىرادىسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى تىلىسەك، بىزنىڭ بېشىمىزغا بەختسىزلىك كەلمەيدۇ. خۇدا ئادەملەرنىڭ ئىچىنى، تېشىنى، ھەرىكىتىنى ۋە ئوي-پىكرىنى پۈتۈنلەي چۈشىنىدۇ. ئۇ ھەرگىز ئالدانمايدۇ. ئۇ ئۆتمۈشنى، ھازىرنى، كەلگۈسىنى بىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ چېكى يوق. شۇڭا، بىز ئۇنى باش قىلىشىمىز، ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە يېتەكچىلىك قىلىشىنى تىلىشىمىز لازىم. «زەبۇر» 123-باب، 2-ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن:

> «قۇلنىڭ كۆزى خوجايىنىغا قانداق تەلمۈرگەن بولسا، دېدەكنىڭ كۆزىمۇ ئايال خوجايىنىغا شۇنداق تەلمۈرىدۇ. بىزنىڭ كۆزىمىزمۇ پەرۋەردىگارىمىزغا تاكى ئۇنىڭ رەھىم-شەپقىتىگە ئېرىشكۈچە تەلمۈرىدۇ».

ئەگەر بىزمۇ خۇداغا ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ چاكىرىغا ئوخشاش تايانساق ۋە تەلپۈنسەك، بىزمۇ ئاشۇنداق ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلەيمىز.

شۇڭلاشقا، ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ تويى ئىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ياكى ياشلار ئۆزلىرىگە ئۆمۈرلۈك ھەمرا تاللاشتىن ئىلگىرى، چوقۇم خۇدانىڭ يېتەكلىشىنى تىلىشى كېرەك. بۇنى ئورۇندىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ جاۋابىنى جىمجىتلىق ئىچىدە كۈتۈشىمىز كېرەك. ھەرگىزمۇ خۇدا ياخشى كۆرمەيدىغان ئۇسۇل بىلەن ئىش كۆرمەسلىكىمىز لازىم. ئەگەر خۇدا يولىمىزنى توسسا، قەدەملىرىمىزنى زورمۇزور باسماڭ. ئەگەر خۇدا پىلانىمىزنى بۇزۇۋەتسە، چىن قەلبىمىزدىن «ئامىن» دەڭ. قەلبىمىزدە خۇداغا بوي سۇنۇشتىن باشقا ھېچقانداق شەخسىي غەرەز بولمىسۇن. لايىق تاللاشتا ھەرگىزمۇ قارشى تەرەپنىڭ نام-ئابرۇيى، مال-مۈلكى، چىرايى ۋە ھوقۇقىغا بېرىلمەڭ. بۇنداق نىيەت پەقەتلا خۇدانىڭ نەزىرىدە يىرگىنچلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە بۇ دۇنيا كىشىلىرىنىڭ نەزىرىدىمۇ قەبىھتۇر. يامان نىيەت كۆزىمىزنى كۆرمەس قىلىپ قويىدۇ-دە، خۇدانىڭ يېتەكلىشىنى ئېنىق

كۆرەلمەيسىز. شۇنداقلا، ئۇ قەلبىڭىزنى ئەسىر قىلىۋېلىپ، خۇدانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا قارشى چىقىسىز. نەتىجىدە، ئۆزىڭىزنى ھاڭغا ئىتتىرىسىز. شۇندىلا، ئۆزىڭىزنىڭ خاتا يولغا كىرىپ قالغانلىقىڭىزنى چۈشىنىپ يېتىسىز. بۇ چاغدا، سىز پۇشايمان قىلىسىزمۇ، نالە قىلىپ، ئاھ ئۇرىسىزمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ.

ئېتىقادچىلار باشقىلارغا لايىق تاپقاندا، خۇدا خۇددى ئىبراھىمنىڭ چاكىرىغا ئوخشاش تەلپۈنۈشى ۋە خۇدادىن تىلىشى كېرەك. ئۇلار بۇ ئىشنى قىلىشتا ھەرگىزمۇ ئۆزىگە تايانماسلىقى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە ئىش كۆرمەسلىكى لازىم. بولۇپمۇ يالغان سۆزلەر بىلەن قارشى تەرەپنى ئالداشقا بولمايدۇ. ئۇلار ھەر ئىككى تەرەپنىڭ كەمچىلىكى ۋە ئارتۇقچىلىقىنى ئېنىق دېيىشى كېرەك. بۇ خۇدانى خۇشال قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئىككى تەرەپنىڭ كەلگۈسىدە پۇشايمان قىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن پايدىلىق. بۇنداق بولغاندا، تونۇشتۇرغۇچىمۇ ئىككى تەرەپنىڭ تاپا-تەنىسىگە قالمايدۇ. توغرا يول ئەڭ بىخەتەر ھەم ئەڭ ئاسان يولدۇر. باشقىلارغا لايىق تونۇشتۇرغاندا، ئۆزىڭىزنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىنى

ۋە سوغاتقا ئىگە بولۇشنى ئويلىماڭ. سىز ئادەملەرنىڭ تەشەككۈرىگە ۋە سوغىتىغا ئېرىشەلمىگەن تەقدىردىمۇ، خۇدا سىزنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

بۇ ئايەتلەردىن بىز ئېلىشقا تېگىشلىك بەشىنچى تەلىم شۇكى، لايىق تاللاشتىكى ئاساسلىق شەرت ئېتىقادتىن باشقا، يەنە ئەڭ مۇھىمى مۇھەببەتلىك قەلب ۋە ئەدەپ-ئەخلاقتۇر. ئىبراھىمنىڭ چاكىرى ھەرگىزمۇ: «مەن قۇدۇق بېشىدا تۇرىمەن. سۇغا كەلگەن قىزلارنىڭ ئەڭ چىرايلىقى ئىسھاقنىڭ خوتۇنى بولسۇن» دەپ دۇئا قىلمىدى. ئۇ يەنە ھەرگىزمۇ:«مەن قۇدۇق بېشىدا تۇرىمەن، سۇغا كەلگەن قىزلارنىڭ ئىچىدە قايسىسى تېتىك، چاققان بولسا، شۇ ئىسھاقنىڭ خوتۇنى بولسۇن» دېمىدى. ئەكسىچە، ئۇ مۇنداق دۇئا قىلدى: «مەن ھازىر قۇدۇق يېنىدا تۇرىمەن. شەھەر قىزلىرى بۇ يەرگە سۇغا كېلىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ بىرىگە: ‹كوزىڭىزدىكى سۇدىن ئىچىۋالسام قانداق؟› دەيمەن. ئەگەر ئۇ: ‹ئىچىڭ! تۆگىلىرىڭىزگىمۇ سۇ ئەكىلىپ بېرەي!› دېسە، بۇ قىز خىزمەتكارىڭ ئىسھاققا تاللاپ بەرگىنىڭ بولسۇن». بۇ

سۆزلەردىن بىز شۇنى بىلەلەيمىزكى، چاكارنىڭ خۇدادىن تەلەپ قىلغىنى ئەدەپلىك ۋە كۆيۈمچان قىز. ئەگەر بىر قىز ناتونۇش يولۇچىغا ۋە ئۇنىڭ تۆگىلىرىگە سۇ بەرسە، ئۇ قىز چوقۇم ناھايىتى كۆيۈمچان ۋە مېھرىبان قىز بولىدۇ. بۇ خىلدىكى قىزلار توي قىلغاندىن كېيىن، چوقۇم قېينانا-قېيناتىلىرىنى ھۆرمەتلەيدۇ. يولدىشى بىلەن جېدەللەشمەيدۇ. ھۇرۇنلۇق قىلمايدۇ. مۇشۇنداق خوتۇنغا ئېرىشەلىگەن ئەر مەڭگۈ بەختلىك بولىدۇ.

ھەر بىر ئېتىقادچى ھەمراھ تاللىغاندا، مۇھەببەت ۋە ئەخلاق-پەزىلەتنى ئالدىنقى شەرت قىلىشى لازىم. مۇشۇنداق بولغاندا، كۆڭۈلدىكىدەك نىكاھقا ئېرىشكىلى بولىدۇ. مېھرىبان ۋە ئەخلاقلىق ئەر سەممىي مۇھەببىتى بىلەن ئۆز ئايالىنى سۆيەلەيدۇ. ئۇنىڭغا يامان مۇئامىلىدە بولمايدۇ. ئۇنى ئالدىمايدۇ. مۇنداق ئەرلەر بارلىق ئىشلاردا ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلىمەيدۇ. ئىقتىسادنى پىخسىقلىق بىلەن كونترول قىلىپ، ئايالىنى قىينىمايدۇ. شۇنداقلا ئۆزىنى يۇقىرى ئورۇنغا قويۇۋېلىپ، ئايالىنى ئات-ئىشەك ئورنىدا ئىشلەتمەيدۇ.

ئاچچىقىنى خوتۇنىدىن ئالمايدۇ. مۇنداق ئەرلەر باشقا ئاياللارغا بۇزۇلۇپ، ئۆز خوتۇنىنى تاشلىۋەتمەيدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، مۇھەببەتلىك ۋە ئەخلاق-پەزىلەتلىك ئاياللارمۇ سەممىي مۇھەببىتى بىلەن ئۆز ئېرىنى سۆيىدۇ. ئۇنى ئالدىمايدۇ، قولىنى ئەگرى قىلمايدۇ. يولدىشىغا پايدىسىز ئىشنى قىلمايدۇ. ھەممىلا ئىشتا ئۇنى ئويلاپ، يولدىشىنى قىيىنچىلىقتا قالدۇرمايدۇ. مۇنداق ئاياللار ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەيدۇ. يولدىشىنىڭ ئاتا-ئانىلىرىنى ھۆرمەتلەيدۇ. يولدىشىنىڭ ئائىلىسىدە جېدەل چىقارمايدۇ. مۇنداق ئاياللار ئائىلە ئىشلىرىنى بىر چەتتە قالدۇرۇپ، ئۆزىنى پەردازلاپ، رېستورانغا يۈگۈرمەيدۇ. يولدىشىدىن يوشۇرۇنچە نومۇسلۇق ئىشلارنى قىلمايدۇ. مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، مېھرىبان ۋە ئەخلاقلىق ھەمراھقا ئىگە بولالىسا، قارشى تەرەپنىڭ چىرايىنىڭ كۆرۈمنى، پۇلىنىڭ ئاز، قابىلىيىتىنىڭ تۆۋەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە خۇشال-خۇرام ئۆتەلەيدۇ. ئۇلار بىر-بىرىگە نىسبەتەن شەخسىيەتچىلىك قىلىشمايدۇ، ئۆزئارا ئۇرۇش-جېدەل قىلىشمايدۇ. بىر-بىرىنى

ئالداشمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇلار بىر-بىرىنىڭ ھالىغا يېتىپ، ئۆزئارا ياردەم قىلىشىدۇ. باردا، يوقتا بىللە بولىدۇ. مۇنداق ئائىلىلەر مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە بولغان بولىدۇ. سەتەڭ خوتۇنىنىڭ ئەر كىشىنىڭ بەخت-سائادىتى بولۇشى ناتايىن. كۆپىنچە پۇلدار ئەرلەر ئۆز خوتۇنلىرىنى ئازابقا قالدۇرىدۇ. ئەلۋەتتە مەن چىرايلىق ۋە قابىلىيەتلىك بولۇش ناچار ئىش دېمەكچى ئەمەسمەن. دېمەكچى بولغىنىم، بۇلار ئىككىنچى ئامىل. ئەڭ مۇھىمى مۇھەببەت ۋە ئەخلاق-پەزىلەتتۇر.

ناھايىتى ئەپسۇس! بۈگۈنكى كۈندە، قىزلار لايىق تاللاشتا پۇلغا، بەزىلىرى تېخى ئوقۇش تارىخىغا ۋە قابىلىيىتىگە، ئوغۇللار بولسا چىرايىغا قارايدىغان بولۇپ كەتتى. نۇرغۇن ئېتىقادچىلارمۇ مۇشۇ پاتقاققا پېتىپ قالماقتا. مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلىدىن، نۇرغۇن ئېتىقادچىلارنىڭ ئېتىقادى تويدىن كېيىن سۇسلىشىپ كەتمەكتە. ئۇلار گۇناھقا پاتماقتا. ئازاب چەكمەكتە. ناھايىتى ئىقتىدارلىق، خۇداغا خىزمەت قىلىۋاتقان ئېتىقادچىلار نىكاھتىكى ئوڭۇشسىزلىق تۈپەيلىدىن، ئۆزىنىڭ رولىنى جارى

قىلدۇرالمايۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇلار لايىق تاللىغاندا، ئىبراھىمنىڭ چاكىرى ئىسھاققا لايىق تاللىغان ئۇسۇل بويىچە يەنى ئالدى بىلەن خۇدانىڭ يېتەكلىشىنى تىلىگەن بولسا، مۇھەببەت ۋە ئەخلاق-پەزىلەتنى ئالدىنقى شەرت قىلغان بولسا، ئۇلار خىلمۇ خىل ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەرگە ئۇچرىمىغان بولاتتى.

ئاخىردا، بۇ ئايەتلەردىن يەنە شۇنىمۇ كۆرەلەيمىزكى، ياشلارنىڭ نىكاھ ئىشىغا گەرچە ئاقىل ئاتا-ئانا باش بولۇپ، ئىخلاسمەن ياشانغان ئادەم ئەلچى بولۇپ ماڭغان بولسىمۇ، نىكاھلانغۇچىلار بۇ ئىشقا قوشۇلۇشى كېرەك. «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» 24-باب، 57-ئايەتتىن 59-ئايەتكىچە، مۇنداق دېيىلگەن:

> «— بىز قىزدىن سوراپ كۆرەيلى، ئۇ نېمە دەيدىكەن، — دەپ جاۋاب بېرىشتى ئۇلار. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار رەبەكانى چاقىرىپ ئۇنىڭدىن:
>
> — سەن بۇ كىشى بىلەن كېتىشنى خالامسەن؟ — دەپ سورىدى.
>
> — خالايمەن، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار رەبەكا ۋە ئۇنىڭ ئىنىكئانىسىنى، ئىبراھىمنىڭ چاكىرى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى يولغا سالدى».

ئەگەر رەبەكا ئائىلىسىدىن ئايرىلىشنى خالىمىسا، تۇغقانلىرى ئۇنى زورلىسا، ئاقىۋىتى قانداق بولار؟ ئەمما، ئۇلار رەبەكانى مەجبۇرلىمايتتى، چۈنكى ئۇلار قىزنىڭ ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلاتتى. ئۇلار بىر قىزنىڭ نىكاھ ئىشىنىڭ ئۇنىڭ ئۆمرىدىكى ئەڭ چوڭ ئىش ئىكەنلىكىنى، قىزلارنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى ۋە بەختىنى ئۆزى بەلگىلىشى كېرەكلىكىنى چۈشىنىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئىبراھىمنىڭ چاكىرىغا مۇنداق جاۋاب بەردى:

«— بۇ ئىش پەرۋەردىگارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئىكەن، بىز نېمە دېيەلەيمىز؟
مانا رەبەكا، ئۇنى ئېلىپ كەتسىڭىز بولىدۇ. ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئورۇنلاشتۇرغىنىدەك، خوجايىنىڭىزنىڭ كېلىنى بولسۇن، — دەپ جاۋاب

بەردى. بۇ ئىش پەرۋەردىگارنىڭ
ئورۇنلاشتۇرۇشى تۇرسا، بىز نېمە
دېيەلەيمىز؟ مانا رەبەكا، ئۇنى ئېلىپ
كەتسىڭىز بولىدۇ. ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ
ئورۇنلاشتۇرغىنىدەك، خوجايىنىڭىزنىڭ
كېلىنى بولسۇن» («ئالەمنىڭ
يارىتىلىشى» 24-باب، 50-، 51-
ئايەت).

ئۇلار بۇ ئىشقا نىسبەتەن ناھايىتى ئەستايىدىل ئىدى.

ئېتىقادچىلار ئۆز پەرزەنتلىرىگە لايىق تاپقاندا، لابان بىلەن بېتۇئىلنى ئۈلگە قىلىشى كېرەك. پەرزەنتلەرنىڭ توي ئىشىنى ئورۇنلاشتۇرساق بولىدۇ، لېكىن چوقۇم ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش كېرەك. ھەرگىز زورلاشقا بولمايدۇ. يوشۇرۇنچە قارار چىقىرىپ، پەرزەنتلەرگە بىلدۈرمەسلىككە تېخىمۇ بولمايدۇ. بولۇپمۇ قىزلار رەبەكانى ئۈلگە قىلىپ، تەگكۈسى بولسا «تېگىمەن»، تەگكۈسى بولمىسا «تەگمەيمەن» دەپ گەپنى ئېنىق قىلىشى كېرەك. تارتىنىپ ئولتۇرۇپ، خاتا چۈشەنچە پەيدا بولۇپ قالمىسۇن.

توي ئىشى ئۆمۈرلۈك چوڭ ئىش ھەمدە مۇقەددەس ئىش. تارتىنىشنىڭ پەقەت زۆرۈرىيىتى يوق.

خۇداغا شۈكۈر، ئۇ بىلىشكە تېگىشلىك بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىزگە كۆرسىتىپ بەرگەن بولۇپ، «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى»نىڭ 24-بابىدا ئېتىقادچىلارنىڭ قانداق لايىق تېپىشى، توي ئىشىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى بىزگە ئېنىق ئېيتىپ بەرگەن. بىز بۇنى دائىم ئۆلگە قىلىشىمىز كېرەك.

3

## خۇدا نېمە ئۈچۈن ئۆزگە تەۋە ئادەملەرنىڭ ئېتىقادسىزلار بىلەن توي قىلىشىغا يول قويمايدۇ؟

«مەن بۈگۈن ساڭا جاكارلايدىغان ئەمرلىرىمگە رىئايە قىلغىن. سەن ئۇ يەرگە كىرگەن ۋاقتىڭدا، مەن ئامۇرلار، قانانلار، خىتلار، پەرىززىلار، ھىۋىلار ۋە يەبۇسلارنى ھەيدەپ چىقىرىمەن. ئېھتىيات قىلغىنكى، سەن بارىدىغان جايدىكى ئاھالىلەر بىلەن ھەرگىز كېلىشىم تۈزمىگىن. بولمىسا، سەن ئۇلارنىڭ قاپقىنىغا چۈشۈپ، ئۇلارغا ئوخشاش رەزىل يولغا مېڭىپ كېتىسەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قۇربانلىق سۇپىلىرىنى ئۆرۈۋېتىپ، ئۇلارنىڭ ئىلاھ دەپ تىكلىۋالغان تاش تۈۋرۈكلىرىنى ۋە ئاشەرە ئايال ئىلاھ بۇتلىرىنى چېقىۋەتكىن. مەندىن باشقىغا ئېتىقاد قىلساڭ، ھەرگىز كەڭچىلىك قىلمايمەن. يەرلىك ئاھالىلار بىلەن

كېلىشىم تۈزمە. ئۇلار ئۆز ئىلاھلىرىغا چوقۇنغان ۋاقىتلىرىدا سېنىمۇ تەكلىپ قىلىشى، سەنمۇ پاھىشىلاردەك ئۆزۈڭنى سېتىپ، ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرىغا ئاتىغان قۇربانلىقلىرىغا ئېغىز تېگىپ قېلىشىڭ مۇمكىن. سېنىڭ ئوغۇللىرىڭ يات خەلق قىزلىرىنى نىكاھىغا ئېلىپ، پاھىشىلەردەك ئۆزىنى سېتىشى ۋە مەندىن يۈز ئۆرۈپ، يات ئىلاھلارغا چوقۇنۇشى مۇمكىن» («مىسىردىن چىقىش» 34-باب، 11-ئايەتتىن 16-ئايەتكىچە).

«ئۇلار بىلەن قۇدىلىشىشقا بولمايدۇ، قىزلىرىڭنى ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرىغا ياتلىق قىلما. ئوغۇللىرىڭغا ئۇلارنىڭ قىزلىرىنى ئېلىپ بەرمە. چۈنكى، ئۇلار ئوغۇللىرىڭنى مەندىن يىراقلاشتۇرۇپ، بۇتقا چوقۇندۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپى سىلەرگە چۈشۈپ، سىلەرنى تېزلىكتە ھالاك قىلىدۇ» «قانۇن شەرھى» 7-باب، 3-، 4-ئايەت).

«سىلەر ئېھتىيات قىلىڭلار. پەرۋەردىگارىڭلار بولغان خۇدانى سۆيۈڭلار. ئەگەر سىلەر ئۇنىڭغا سادىق بولماي، ئاردا قالغان تائىپىلەر بىلەن ئالاقە قىلساڭلار، ئۇلار بىلەن قۇدىلاشساڭلار، بىلىپ قويۇڭلاركى، پەرۋەردىگارىڭلار بولغان خۇدا ئۇلارنى ھەرگىزمۇ كۆز ئالدىڭلاردىن قوغلاپ چىقارمايدۇ. ئەكسىچە، پەرۋەردىگارىڭلار بولغان خۇدا سىلەرگە ئاتا قىلغان شۇ گۈزەل زېمىندا ھالاك بولۇپ تۈگىگىنىڭلارغا قەدەر ئۇلار سىلەر چۈشىدىغان تور، قاپقان، دۈمبەڭلەرگە ئۇرۇلىدىغان قامچا، كۆزۈڭلەرگە قادىلىدىغان مىخ بولىدۇ» («يەشۇ» 23-باب، 11-ئايەتتىن 13-ئايەتكىچە).

يۇقىرىدىكى ئۈچ ئايەتتىن شۇنى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىزكى، خۇدانىڭ خەلقىنىڭ بۇتپەرەسلەر بىلەن توي قىلىشى خۇدا تەرىپىدىن چەكلەنگەن ئىش. خۇدانىڭ ئۆز خەلقىنىڭ

مۇنداق قىلىشنى چەكلىشى ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ ئەركىنلىكىنى تارتىۋالغانلىقى ئەمەس. خۇدا ناھايىتى ئېنىق بىلىدۇكى، ئەگەر ئۇلار بۇنداق قىلسا، ئۇلار چوقۇم خۇدادىن يىراقلىشىپ، بۇتقا چوقۇنىدۇ. چوڭ گۇناھقا پېتىپ، تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز زىيانغا ئۇچرايدۇ. بىز بىلىمىزكى، كىشىلىك تۇرمۇشتا ئەر-خوتۇنلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئەڭ يېقىن بولىدۇ. ئەر-خوتۇنلار ئۇزۇن مەزگىل بىللە ياشاش داۋامىدا، ئىككىيلەننىڭ تۇرمۇشى، ئوي-پىكىرلىرى، خاراكتېرى، ئادەتلىرى ۋە ھەرىكەتلىرى تەبىئىي ھالدا بارا-بارا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئويلاپ بېقىڭ، ئېتىقادچىلار بىلەن ئېتىقادسىزلار توي قىلسا، ئاقىۋىتى قانداق بولار؟ خۇدا بۇ خىل خېيىم-خەتەرنى ئالدىن بىلگەچكە، ئۆز پۇقرالىرىنىڭ بۇتپەرەسلەر بىلەن توي قىلىپ، چوشكۇنلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، بۇ ئىشنى يۇقىرىقى ئايەتلەردە كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك قاتتىق چەكلىگەن. ئەپسۇسكى، ئىسرائىللار خۇدانىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلىمىدى.

«ئىسرائىللار قانانلار، خىتلار، ئامورلار، پەرىززىلار، ھىۋىلار ۋە يەبۇسلار بىلەن

بىللە تۇردى. ئۇلارنىڭ قىزلىرىدىن ئوغۇللىرىغا خوتۇن ئېلىپ بەردى. ئۆزلىرىنىڭ قىزلىرىنى ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرىغا ياتلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ بۇتلىرىغا چوقۇندى» («هاكىملار» 3-باب، 5-، 6-ئايەت).

شۇنىڭ بىلەن، خۇدانىڭ غەزىپى ئۇلارغا چۈشۈپ، ئۇلارنى دۈشمەنلەرنىڭ قولىغا تاپشۇردى.

ھازىر، خۇدانىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ خەتەرلىك. چۈنكى، ئائىلىدىكى، جەمئىيەتتىكى، ئەتراپىمىزدىكى كۆپىنچە كىشىلەر ئېتىقادسىزلاردۇر. ئازراقلا دىققەت قىلمىساق، ئېتىقادسىزلار بىلەن ئارىلىشىپ كېتىمىز. خۇدا بىزنىڭ بۇ ئەھۋالىمىزنى ۋە بۇ خىل خەتىرىمىزنى بىلىدۇ. شۇڭا، ئۇ بىزگە مۇنداق نەسىھەت قىلىدۇ:

«سىلەر ئېتىقادچى ئەمەسلەر بىلەن ئەسلا ماسلاشمايسىلەر، ئۇلار بىلەن ئوخشاش بويۇنتۇرۇقنى كېيمەڭلار. ياخشى بىلەن يامان قانداقمۇ بىرلىشەلىسۇن؟ يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق قانداقمۇ ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىسۇن؟ مەسىھ بىلەن

شەيتان قانداقمۇ ماسلىشالىسۇن؟ ئېتىقادچىلار بىلەن ئېتىقادچى ئەمەسلەرنىڭ قانداق ئورتاقلىقى بولسۇن؟ خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسى بىلەن بۇتنىڭ قانداق ئوخشاشلىقى بولسۇن؟ خۇددى خۇدانىڭ: ‹مەن خەلقىم بىلەن بىللە تۇرىمەن. ئۇلار بىلەن ئالاقە قىلىمەن. مەن ئۇلارنىڭ خۇداسى بولىمەن. ئۇلار مېنىڭ خەلقىم بولىدۇ› دەپ ئېيتقىنىدەك، بىز مەڭگۈلۈك خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىدۇرمىز. شۇڭا خۇدا يەنە دەيدۇكى: ‹سىلەر ئۇلاردىن ئايرىلىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن يېنىپ چىقىڭلار. ناپاك نەرسىلەرگە يېقىنلاشمىساڭلار مەن سىلەرنى قوبۇل قىلىمەن. مەن سىلەرنىڭ ئاتاڭلار بولىمەن. سىلەر مېنىڭ پەرزەنتلىرىم بولىسىلەر›. بۇ ھەممىگە قادىر بولغان خۇدانىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر» («كورىنتلىكلارغا يېزىلغان ئىككىنچى خەت» 6-باب، 14-ئايەتتىن 18-ئايەتكىچە).

ناھايىتى ئىنقكى، خۇدانىڭ بۇ يەردە ئىتىقادچى ئەمەسلەر بىلەن دوست بولماڭلار، دېگىنى ئەلۋەتتە ئۇلار بىللە تۇرماڭلار، باردى-كەلدى قىلماڭلار دېگىنى ئەمەس. ئۇلارنى تاشلاپ، جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ، باياۋانلارغا كېتىپ، تىنچ تۇرمۇش كەچۈرۈڭلار، دېگىنىمۇ ئەمەس. ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، بۇ قاراڭغۇ دۇنياغا كىم نۇر چاچىدۇ؟ بۇ دۇنيادا ئازاب-ئوقۇبەت چېكىۋاتقان، خۇدانى تونۇماي ياشاۋاتقان بىچارە كىشىلەرنى كىم قۇتقۇزۇپ يېتەكلەيدۇ؟ ياق! بىزنىڭ رەببىمىز بىزگە ھەرگىزمۇ مۇنداق تەلىم بەرمەيدۇ. ئۇ مۇنداق دېمەيلا قالماستىن، شاگىرتلىرى ئۈچۈن دۇئا قىلغاندا مۇنداق دەيدۇ:

«ئۇلارنى بۇ دۇنيادىن ئايرىۋەت دەپ ئەمەس، شەيتاندىن ساقلا، دەپ تىلەيمەن. مەن بۇ دۇنياغا مەنسۇپ بولمىغىنىمدەك، ئۇلارمۇ بۇ دۇنياغا مەنسۇپ ئەمەستۇر. ئۇلارنى ھەقىقەتنىڭ ئارقىلىق ئۆزۈڭگە ئاتىغۇزغايسەن، چۈنكى سېنىڭ سۆزلىرىڭ ھەقتۇر. سەن مېنى دۇنياغا ئەۋەتكىنىڭدەك، مەنمۇ

ئۇلارنى دۇنياغا ئەۋەتتىم» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 17-باب 15-ئايەتتىن 18-ئايەتكىچە).

خۇدا بىزنىڭ ئېتىقادچى ئەمەسلەر ئارىسىدا ئۆزى ئۈچۈن نۇر چېچىشىمىزنى، ئۆزى ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىشىمىزنى، ئۆزى ئۈچۈن قۇتقۇزۇش خىزمىتى ئىشلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن، ئۇ بىزنىڭ ئۇلار بىلەن دوست بولۇشىمىزنى چەكلەيدۇ. بۇ، ئۇلار بىلەن يېقىن ئالاقە قىلماسلىق ۋە ئۇلار بىلەن قەلبداش بولماسلىق دېگەنلىكتۇر. بۇ دۇنيادا ئەر-خوتۇننىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان مۇناسىۋەت يوق. شۇنداق ئىكەن، خۇدا ئەلۋەتتە ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئېتىقادسىزلار بىلەن توي قىلىشىغا يول قويمايدۇ. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلگەن: «ئوغۇل-قىزلار ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپ، بىر-بىرىگە باغلىنىپ، بىر تەن بولىدۇ». شۇنداق ئىكەن، خۇدا قانداقمۇ ئۆزىگە تەۋە كىشىلەرنىڭ ئېتىقادچى ئەمەسلەر بىلەن بىر تەن بولۇشىغا يول قويسۇن؟

ناھايىتى تەبىئىيكى، بۇ ھەرگىزمۇ بىر ئەر خۇداغا ئىشەنگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ خوتۇنى يەنىلا خۇداسىز بولسا، ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىپ كەتسۇن ياكى بىر ئايال خۇداغا ئىشەنگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئېرى يەنىلا خۇداسىز بولسا، ئۇنىڭدىن مۇناسىۋىتىنى ئۈزسۇن، دېگەنلىك ئەمەس. بۇنداق قىلىشقا قەتئىي بولمايدۇ.

چۈنكى، بۇ چاغدا ئەر-خوتۇنلار ئاللىقاچان خۇددى قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئوخشاش يوقاتقىلى بولمايدىغان مۇناسىۋەتتە بولۇپ بولغان بولىدۇ. خۇداغا ئېتىقاد قىلغان پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا-ئانىسىدىن يۈز ئۆرۈشگە بولمىغىنىدەك، ئېتىقادچى ئەر خوتۇنىدىن ئايرىلىشقا بولمايدۇ. ئېتىقادچى ئايالىنىڭمۇ ئېرىدىن ئايرىلىشقا بولمايدۇ. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلگەن:

> «باشقىلارغا شۇنى ئېيتىمەنكى، بۇ، رەببىمىزنىڭ سۆزى ئەمەس، بەلكى مېنىڭ سۆزۈم، ئەگەر ئېتىقادى بار بىر ئەرنىڭ ئايالى ئېتىقادسىز بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئېرى بىلەن داۋاملىق بىرگە

> ياشاشقا رازى بولسا، ئېرى ئۇنى قويۇۋەتمىسۇن. ئېتىقادى بار بىر ئايالنىڭ ئېرى ئېتىقادسىز بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئايالى بىلەن داۋاملىق بىرگە ياشاشقا رازى بولسا، ئايالى ئۇنىڭدىن ئاجراشمىسۇن» («كورىنتلىكلارغا يېزىلغان بىرىنچى خەت» 7ـباب، 12ـ، 13ـئايەت).

بەزى چاغلاردا، ئېتىقادسىز ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ خۇداغا ئىشەنگەنلىكى سەۋەبىدىن ئۇلارنى قىيىن ـ قىستاققا ئالىدۇ، ھەتتا ئۇلارنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىپ ئاتا ـ بالىلىق مۇناسىۋەتنى ئۈزىدۇ. يەنە بەزى چاغلاردا، ئېتىقادسىز ئاكا ئېتىقادچى ئىنىسىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ. يەنە بەزى چاغلاردا ئەر بولغۇچى خوتۇنىنىڭ خۇداغا ئىشەنگەنلىكى سەۋەبىدىن، خوتۇنىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ. ياكى خوتۇن بولغۇچى ئېرىنىڭ خۇداغا ئىشەنگەنلىكى سەۋەبىدىن ئېرىدىن ئاجرىشىپ كېتىدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق بولسا، بۇنىڭغا ئامال يوق. كەتسە كېتىۋەرسۇن.
«مۇقەددەس كىتاب»تا بۇنداق دېيىلگەن:

«بىراق، ئېتىقادسىز تەرەپ ئايرىلماقچى بولسا، ئايرىلسۇن. ئېتىقادى بار ئەر ياكى ئايال بولسۇن، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا نىكاھتا بولۇشتىن ئەركىندۇر» («كورىنتلىقلارغا يېزىلغان بىرىنچى خەت» 7-باب، 15-ئايەت).

ئېتىقادچىلارنىڭ ئېتىقادسىزلاردىن يۈز ئۆرۈشىگە رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

لېكىن، تېخى توي قىلمىغانلارنىڭ ئەھۋالى بۇنىڭغا تولۇق ئوخشىمايدۇ. بىر ئېتىقادچىنىڭ ئېتىقادسىز بىلەن توي قىلىشى خۇدانىڭ بۇيرۇقىغا قەستەن خىلاپلىق قىلغانلىقتۇر. ھالبۇكى، ئېتىقادسىزلارنىڭ ھەممىسىلا مەيلى ئۇلار بۇتقا چوقۇنسۇن ياكى خۇدانىڭ بارلىقىغا ئىشەنمىسۇن خۇدانىڭ دۈشمىنىدۇر. ئەگەر بىر ئېتىقادچى ئېتىقادسىز بىلەن توي قىلسا، بۇ ئۇنىڭ دۈشمەن تەرەپتە تۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئويلاپ بېقىڭ، بۇ نېمە دېگەن قەبىھلىك - ھە! بىز بۇنداق نىكاھنىڭ كىشىلەرنى ئاسانلا گۇناھقا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى بىلىمىز. ئەمەلىيەتتە، بۇنداق قىلىشنىڭ ئۆزى گۇناھتۇر. ئەجەبا، خۇدانىڭ

بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنماسلىق گۇناھ ئەمەسمۇ؟

نۇرغۇن ئېتىقادچىلارنىڭ ئېتىقادسىزلار بىلەن توي قىلىشنىڭ باھانىسى شۇكى، ئۇلار:« قارشى تەرەپنى يېتەكلەپ، خۇداغا ئىشەندۈرىمەن» دەيدۇ. بۇ مەقسەت ئەلۋەتتە ناھايىتى ياخشى. لېكىن، بىز ئۇلارنى راستىنلا يېتەكلىيەلەمدۇق؟ بىزنىڭ بۇ سوئالغا ئېرىشىدىغان جاۋابىمىز «شۇنداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېگەندىن ئىبارەت. ئەگەر بۇ ئارزۇ ئەمەلگە ئاشماي قالسا، يەنى قارشى تەرەپ خۇداغا ئىشەنمىسە، ئۇ چاغدا قانداق قىلىسىز؟ توي قىلىش دوست تۇتۇش بىلەن ئوخشىمايدۇ. دوستلۇقتىن ۋاز كېچىشكە بولىدۇ، ئەمما توي قىلغاندىن كېيىن ئاجرىشىشقا بولمايدۇ. بۇنداق مەقسەت بىلەن توي قىلىپ، مەقسەتكە يەتكەنلەر ئوننىڭ ئىچىدە بىر ياكى ئىككىسى چىقىدۇ.

بەزى ئېتىقادچىلار: «بىز خۇداغا تايىنىمىز، ئازدۇرۇلۇشتىن قورقمايمىز. گەرچە بىز ئېتىقادسىزلار بىلەن توي قىلساقمۇ، خۇدا بىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ» دېيىشىدۇ. توغرا، خۇدا بىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ. لېكىن خۇدا ئۆزىنى سىنىغۇچىلارنى ئۆز پاناھىدا ساقلىمايدۇ. ئەگەر

سىز ئېتىقادچى بولۇشتىن بۇرۇن توي قىلىپ بولغان بولسىڭىز، بۇ باشقا گەپ. لېكىن، تېخى توي قىلمىغان بولسىڭىز، بۇ، ئالدىڭىزدا ئورا بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا سەكرىگەنگە ئوخشاش ئىشتۇر. بۇ، خۇداغا قارشى چىققانلىق ھەم ئۇنى سىنىغانلىقتۇر. خۇدانى سىنىغان ۋە خۇداغا قارشى چىققۇچىلارنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس، ئەلۋەتتە.

يەنە بەزىلەر: «بىز خۇدانىڭ ئېتىقادسىزلار بىلەن توي قىلىشىمىزنى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى بىلىمىز. خۇداغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار ناھايىتىمۇ ئاز. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ھەر جەھەتتىن مۇۋاپىق كېلىدىغان لايىقنى تېپىش بەكمۇ تەس. بەزىدە ھەتتا تاپالمايمىز. ئامالنىڭ يوقىدىن ئېتىقادسىزلار بىلەن توي قىلىمىز» دېيىشىدۇ. بۇ ئاڭلىماققا خېلى يوللۇق باھانە. لېكىن، بىز خۇدانىڭ بىزنىڭ مېھرىبان ئاتىمىز ئىكەنلىكىگە ئىشەنسەك، ھەممىدە بارلىق تىلەكلىرىمىزنى چوقۇم ئىجاۋەت قىلىپ بېرىدىغانلىقىغا ئىشەنسەك، بىز بۇ باھانىنىڭ پۇت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقىنى چۈشىنىمىز. بىز خۇدانىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ باقايلى. ئۇ مۇنداق

دەيدۇ:

«ئـــەي پەرۋەردىگـــارىمىز مۇقـــەددەس پۇقرالـــرى، سىلـــەر پەرۋەردىگاردىـــن ئـــەيمىنىڭلار، چۈنكـــى، ئۇنىڭدىـــن ئەيمەنگەنلـــەرنىڭ ھېچنېمىســـى كـــەم بولمايدۇ. شىر ئوزۇقلۇق تاپالماي ئاچ قېلىشى مۇمكىن. ئەمما، پەرۋەردىگارنى ئىزدىگەنلـــەرنىڭ ھېچنېمىســـى كـــەم بولمايدۇ» («زەبۇر» 34-باب، 9-، 10-ئايەت).

« چۈنكـــى، پەرۋەردىگـــار مېنىـــڭ يورۇقلۇقـــۇم، مېنىـــڭ قوغدىغۇچـــۇم، ئـــۇ ماڭـــا مېھىر-شەپقـــەت ۋە ئۇلۇغلۇقنـــى تەقـــدىم قىلىـــدۇ. ئـــۇ توغـــرا نىيەتلىـــك ئادەملەرگـــە ياخشىلىقنـــى قىلچـــە ئايانماستىن تەقدىم قىلماي قالمايدۇ» («زەبۇر» 84- باب،11- ئايەت).

ئاڭلىدىڭىزمـــــــۇ؟ «پەرۋەردىگارنـــــــى ئىزدىگەنلەرنىڭ ھېچنېمىسى كەم بولمايدۇ». «ئـۇ توغرا نىيەتلىك ئادەملەرگە ياخشىلىقنى قىلچە ئايانماستىن تەقدىم قىلماي قالمايدۇ». ئەجەبا،

ياخشى لايىق بۇ ياخشى نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە ئەمەسمۇ؟ «ۋاپادار خوتۇنغا ئېرىشىش پايدىغا ھەم خۇدانىڭ شاپائىتىگە ئېرىشكەنلىكتۇر» («پەندى-نەسىھەتلەر» 18-باب، 22- ئايەت).
«مال-مۈلۈك ئاتا-ئانىدىن مىراس قالىدۇ. ۋاپادار خوتۇننى پەقەتلا خۇدا ئىلتىپات قىلىدۇ» («پەندى-نەسىھەتلەر» 19-باب 14-ئايەت). دېمەك، ياخشى ھەمراھقا ئېرىشىش خۇدانىڭ بىزگە قىلغان شەپقىتىدۇر. شۇنداق ئىكەن، بىز خۇدادىن بۇ ئىشنى پۈتۈن نىيىتىمىز بىلەن تىلەيلى. پۈتۈن قەلبى بىلەن خۇدادىن ئەيمەنگەن، ئۇنىڭغا بوي سۇنغان ئادەم ئۆزىگە بىر ياخشى ھەمراھ تاپالماسمۇ؟ بەلكىم ئېتىقادچىلار توي قىلدىغان ياشقا بېرىپ قېلىپ، بەك ئالدىراپ كېتىپ، ئۆزى ئامال قىلىپ، ئېتىقادسىزدىن بىرنى تېپىۋېلىشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇلار خۇداغا مۇشۇنداق ئىشەنمىسە ۋە بوي سۇنمىسا، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆزى يېتىشتۈرگەن ئاچچىق مېۋىنى يەپ قالىدۇ. ئىبراھىمنىڭ كەچۈرمىشلىرى بىز ئۈچۈن چوڭ ئىبرەت بولالايدۇ. خۇدا ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ كۆپىيىپ، چوڭ مىللەت بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە قىلىدۇ.

لېكىن، ئۇ 85 يېشىغىچە ئوغۇللۇق بولالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ خوتۇنى سارە ئالدىراپ كېتىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ دېدىكىنى ئېلىپ بېرىدۇ. نەتىجىدە، ئېتىقادى كۈچلۈك ئىبراھىم بۇ ئىشقا كەلگەندە خۇداغا بوي سۇنالمايدۇ. ئاقىۋەتتە قانداق بولدى؟ خوتۇن بىلەن توقال ئۆزئارا جېدەللەشتى. ئۇلارنىڭ باللىرى ئۆزئارا جېدەللەشتى. بۇنىڭ بىلەن، ئىبراھىم ھەجەر ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئىسمايىلنى ئۆيدىن ھەيدىۋېتىشكە مەجبۇر بولدى. تاكى ھازىرغىچە ئىسمايىلنىڭ ئەۋلادلىرى بىلەن ئىسھاقنىڭ ئەۋلادلىرى دۈشمەنلىشىپ، جېدەللىشىپ كەلمەكتە. ئەگەر بىر ئېتىقادچى توي قىلىدىغان ياشقا بېرىپ قېلىپ، ئېتىقادچىلار ئارىسىدىن تېخىچە بىرەر لايىق تاپالمىسا، ھەرگىزمۇ ئالدىراپ كېتىپ، خۇدانىڭ ئىرادىسىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتمىسۇن. مەيلى قىز ياكى ئوغۇل تەرەپ بولسۇن، بۇ ئىشنى خۇداغا تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى كۈتسۇن. خۇدا ئۇلارنى ھەرگىزمۇ نائۈمىددە قالدۇرمايدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇلار كېيىن ئازابتىن قۇتۇلالمايدۇ. بۇ ئازابنى ئۇلار بەلكىم تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە تارتىپ

قىلىشى مۇمكىن.

يەنە بەزىلەر: «خۇداغا ئىشەنگەنلەرنىڭ ئارىسىدىن مۇۋاپىق لايىق تاپالمىساق قانداق قىلاتتۇق؟ ئەجەبا، خۇدا بىزگە ئاسماندىن تاشلاپ بېرەتتىمۇ؟» دەيدۇ. نېمىشقا مۇمكىن بولمىغۇدەك؟ ياشىنىپ قالغان، ھەتتا ھېيىزىمۇ توختاپ كەتكەن توقسان ياشلىق سارە تۇغالىدىغۇ؟ خۇدا بېرىۋىدى، ئۇ تۇغدى. ئەجەبا، خۇدا ئۆزىدىن ئەيمىنىپ، ئۆزىگە بوي سۇنغۇچىلارغا مۇۋاپىق ھەمراھ تەييارلاپ بەرمەسمۇ؟ خۇدا ئەگەر بىر ئىشنى قىلماقچى بولسا، قىيىنلىپ قالاتتىمۇ؟ تېخى تىوي قىلمىغان ئېتىقادچىلاردىكى ئەڭ چوڭ مەسىلە ئۇلارنىڭ لايىق تاپالمىغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ خۇداغا تايىنىشنى بىلمىگەنلىكىدە. خۇدانى ساقلاشنى ۋە خۇداغا بويسۇنۇشنى بىلمىگەنلىكىدە. مانا بۇ مۇھىم دەرسلىكنى ئۆگىنەلىسەك، بىزنىڭ غەم قىلىشىمىزنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى قالمايدۇ.

بەزىدە بىز خۇدانىڭ بىز ئۈچۈن تەييارلىغىنىنى قوبۇل قىلماي، مۇۋاپىقنى تاپالمىدىم دېگەن بىلەن خۇداغا بويسۇنماي،

ئېتىقادسىزلار ئارىسىدىن ئۆزىمىز ياخشى كۆرگەن لايىقنى تېپىۋېلىشىمىز مۇمكىن. بەلكىم پۇللۇق، چىرايلىق، كېلىشكەننى تېپىشنى ئويلىساق كېرەك. بۇ خىل ئەھۋالمۇ دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. نەتىجىدە، بىز خۇدا ئاتا قىلغان پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويىمىز.

نۇرغۇنلىغان ئېتىقادچىلارنىڭ ئېتىقادسىزلار بىلەن توي قىلىشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى ئېتىقادچىلار جامەئەتچىلىكى يېتەكچىلىرىنىڭ بۇ توغرىسىدا قاتتىق تەربىيە بەرمىگەنلىكىدۇر. نۇرغۇنلىغان ئېتىقادچىلار ئېتىقادسىزلار بىلەن توي قىلىشنى گۇناھ ھەم خۇدا ياخشى كۆرمەيدىغان ئىش، دەپ قارىمايدۇ. شۇڭا، ئۇلار لايىق تاللىغاندا، ئېتىقادچىلار ئارىسىدىن مۇۋاپىقنى تاپالمىسا، ئېتىقادسىزلار ئارىسىدىن تاپىدۇ. ئەگەر يېتەكچىلەر ئېتىقادچىلارغا بۇ ھەقتە تەلەپچانلىق بىلەن تەلىم بەرسە، يەنى ئېتىقادچىلارغا ئېتىقادسىزلار بىلەن توي قىلىشنىڭ خۇدانىڭ ئەمرىگە قارشى چىققانلىق ئىكەنلىكىنى، بۇ ئىشنىڭ گۇناھلىقىنى، بۇ ئىشنى قىلىشقا ھەرگىز بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرسە، ئېتىقادچىلار ئېتىقادسىزلار

ئارىسىدىن جۆرە ئىزدەش ئۈمىدىدىن ۋاز كېچىدۇ.

بەزىلەر مەندىن: «ئېتىقادسىزلار ئارىسىدىن مۇۋاپىق جۆرە تاپقىلى بولىدۇ، ئوتتۇرىمىزدا پەقەت ئىشىنىش ۋە ئىشەنمەسلىكتىن ئىبارەت ئازراقلا پەرق تۇرسا، نېمە ئۈچۈن مۇۋاپىقنى تاشلاپ قويۇپ، ئېتىقادچىلار ئارىسىدىن ئۆزىمىزگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغاننى تاللايمىز؟» دەپ سورىشى مۇمكىن. نېمە دېدىڭىز؟ ئەجەبا، ئىشەنمەسلىك كىچىك پەرقمۇ؟ بىلىپ قويۇڭكى، خۇدانىڭ نەزىرىدە ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغىنى ھەرگىزمۇ بىلىم-سەۋىيە، قابىلىيەت، ئائىلە ئەھۋالى، چىراي-شەكلى قاتارلىقلار ئەمەس، بەلكى ئىشىنىش ياكى ئىشەنمەسلىك مەسىلىسىدۇر. چۈنكى، گۇناھكارلار ئىشىنىش سەۋەبىدىن كەچۈرۈلگەن، ئىشىنىش سەۋەبىدىن تاللانغان، ئىشىنىش سەۋەبىدىن خۇدانىڭ پەرزەنتى قىلىنغان، ئىشىنىش سەۋەبىدىن ئاسمان ۋە زېمىندىكى بارلىق بەخت-سائادەتلەرگە ئېرىشكەن. ئېتىقاد بولمىسا، خۇدانى خۇشال قىلغىلى بولمايدۇ. بىر ئادەمنىڭ قانچىلىك يۇقىرى بىلىمىنىڭ، قانچىلىك كۆپ مال-دۇنياسىنىڭ، قانچىلىك گۈزەل

ھۆسۈن-جامالىنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەگەر ئۇنىڭ ئېتىقادى بولمىسا، خۇدانىڭ نەزىرىدە ئۇ پاكلانمىغان گۇناھكار ۋە خۇدانىڭ دۈشمىنى ھېسابلىنىدۇ. خۇدا ئىشىنىش ياكى ئىشەنمەسلىكنى ناھايىتى چوڭ ئىش ھېسابلىغان يەردە، كىم بۇ ئىشنى كىچىك ئىش دېيىشكە جۈرئەت قىلالايدۇ؟ ئېتىقادچىلارنىڭ جۆرە تاللاشتىكى بىرىنچى شەرتى «ئەيسا مەسىھكە ئىشىنەمدىكەن ياكى ئىشەنمەمدىكەن» دېگەندىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك. ئەگەر جاۋاب «ئىشىنىمەن» بولسا، باشقا شەرتلەرنى كېيىنچە ئويلاشساق بولىدۇ. ئەگەر جاۋاب «ئىشەنمەيمەن» بولسا، ھېچنەرسىنى ئويلاشنىڭ ھاجىتى يوق. «خۇداغا ئىشەنگەنلەر بىلەن ئىشەنمىگەنلەر ئەسلا ماسلاشمايدۇ. ئورتاق بويۇنتۇرۇقتا بولۇشقا بولمايدۇ. پاك ۋە ناپاكنىڭ دوستلىشىشىغا بولمايدۇ. خۇداغا ئىشەنگەنلەر بىلەن ئىشەنمىگەنلەرنىڭ ھەرقانداق مۇناسىۋىتى يوق». مانا بۇ خۇدانىڭ قانۇنىيىتى. بۇنى ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ ئۆزگەرتىش ھوقۇقى يوق.

بۇ ھەقىقەتنى چۈشەنگەندىن كېيىن، بىز ئۆزىمىزنىڭ توي ئىشىمىزنى بىر تەرەپ قىلغاندا

ياكى پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ۋە دوستلىرىمىزنىڭ توي ئىشىنى بىر تەرەپ قىلغاندا، خۇدانىڭ بۇيرۇقىنى مۇقەددەس بىلىشىمىز لازىم. ئېتىقادچىلار جۆرە ئىزدىگەندە، ئېتىقادسىزلارنى ئويلاشماسلىقى لازىم. لايىق تونۇشتۇرغۇچىلارمۇ شۇنداق قىلىشى كېرەك. ئەگەر بىز بىر ئېتىقادچىنىڭ ئېتىقادسىز بىرى بىلەن بىلەن توي قىلماقچى بولغانلىقىنى بىلسەك، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ، بۇ ئىشنى توسۇشىمىز لازىم. بۇ ئىش ھەرگىز تەرەققىي قىلىپ، قۇتقۇزغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە بارماسلىقى كېرەك.

بۇ يەردە بىر ئىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز لازىم، يەنى تويلىشىدىغان تەرەپ خۇداغا توي قىلىش مەقسىتىدە ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي توۋا قىلىپ، ئىشەنگەن بولۇشى كېرەك. ئەگەر مۇشۇنداق بولسا، ئۇنىڭ ساختا ئېتىقادچىلىقى ئاسانلا چېنىپ قالىدۇ. بەزى كىشىلەر ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا بەكمۇ ماھىر كېلىدۇ. سىز گۈزەل-سەنئەتنى ياخشى كۆرسىڭىز، ئۇ دەل گۈزەل-سەنئەتنى تەتقىق قىلىپ، كۆڭلىڭىزنى ئۇتىدۇ. ئەدەبىياتنى ياخشى كۆرسىڭىز، ئۇمۇ ئەدەبىياتقا قىزىقىپ، سىزنى خۇشال قىلىدۇ.

سىز ئۇنى خۇدانى تونۇشقا يېتەكلىسىڭىز، ئۇ خۇداغا ئىشەنگەن بولۇۋېلىپ، سىزنىڭ ياخشى كۆرۈشىڭىزگە ئېرىشۋالىدۇ. ئادەم نېمە دېگەن ساختىپەز-ھە! بەزىلەر ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن يالغانچىلىق قىلىدۇ. ئەگەر سىز مۇشۇنداق ئادەمگە ئۇچراپ قالسىڭىز، ئۇ سىزگە ناھايىتى تېزلا ماسلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، سىز ئۇنى خۇداغا ئىشەندى، دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ بىلەن قورقماي توي قىلىسىز. ئۇ مەقسىتىگە يېتىپ بولغاندىن كېيىن، سىز ئاندىن ئۇنىڭ سىزنى ئالدىغانلىقىنى بايقايسىز. ئۇ چاغدا ياغاچ ئاللىقاچان قېيىققا ئايلىنىپ بولغاچقا، سىز زور ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە قالىسىز.

بىز يەنە بىر ئىشقا دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. ئۇ بولسىمۇ ئەرلەرنى خۇداغا يېتەكلەيدىغان ئىشلارنى ئەرلەرنىڭ قىلغىنى، ئاياللارنى خۇداغا يېتەكلەيدىغان ئىشلارنى ئاياللارنىڭ قىلغىنى تۈزۈك. ئەلۋەتتە، بەزى ئالاھىدە چاغلاردا، يات جىنسلار ئوتتۇرىسىدا خۇداغا ئۆزئارا يېتەكلەش خىزمىتىمۇ بولىدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋالدا، بۇ خىزمەتنى ئەرلەرگە ئەرلەرنىڭ، ئاياللارغا ئاياللارنىڭ ئىشلىگىنى

ياخشى. چۈنكى، مۇشۇنداق بولغاندا بىخەتەر
بولىدۇ. ياشلار بۇ ئىشقا ئالاھىدە دىققەت
قىلىشى كېرەك. ياش ئېتىقادچىلارنىڭ يات
جىنسلارغا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش جەريانىدا،
ئىككى تەرەپنىڭ بۇ خىزمەت ئاخىرلاشتۇرماي
تۇرۇپلا مۇھەببەت تورىغا چۈشۈپ قېلىپ،
ئېتىقادلىق كىشىنىڭمۇ ئېزىپ كېتىشى كۆپ
ئۇچرايدىغان ئەھۋالدۇر. شۇڭا، بۇ ئىشقا ئالاھىدە
ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز
كېرەك. چۈنكى، بىر ئادەم مەيلى قانچىلىك
قىزغىن، قانچىلىك ئىخلاسمەن بولسۇن، مەيلى
ئۇ خۇدا تەرىپىدىن خىزمەتكە قانچىلىك
سېلىنسۇن، ئۇ جىسمانىي جەھەتتە يەنىلا
ناھايىتى ئاجىز بولىدۇ. سەللا دىققەت قىلمىسا،
شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىغا ناھايىتى ئاسانلا
ئۇچرايدۇ. ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا
ئەزەلدىنلا ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان بىر
خىل ئۆزئارا جەلپ قىلىش كۈچى بار. شۇڭا،
بۇنىڭدىن كۆپ ھاللاردا چاتاق چىقىدۇ. ئەگەر
ئىككىلا تەرەپ تېخى توي قىلمىغان بولسا،
بىر-بىرىنى ھەرقايسى جەھەتلەردىن لايىق
كۆرۈشۈپ توي قىلىشىغۇ چاتاق چىقمايدۇ. ئەگەر

ئىككىلا تەرەپ توي قىلىپ بولغان بولسا، ياكى بىر تەرەپ توي قىلىپ بولغان بولسا، ياكى بىر تەرەپ خۇداغا ئىشەنمىسە، ياكى ئۇلار مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن توي قىلالمىسا، نۇرغۇنلىغان گۇناھ ۋە ئېچىنىشلىق تراگېدىيىلەر كېلىپ چىقىدۇ. مەيلى ياشلار ئارىسىدا، مەيلى ئوتتۇرا ياشلىقلار ياكى ياشانغانلار ئارىسىدا بولسۇن، بۇنداق ئىشنى يۈز بەرمەيدۇ، دېگىلى بولمايدۇ. بىز بۇنداق ئىشلارنى ناھايىتىمۇ كۆپ ئاڭلايمىز. شۇنداقمۇ؟ ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت ئەنە شۇنداق ئاجايىپ ۋە خەتەرلىك نەرسە. شۇڭا ئېھتىيات قىلىش، مۇداپىئەلىنىش لازىم. ئازراقلا ئېھتىيات قىلمىساق، ئويلاپ باقمىغان خەتەرلەر يۈز بېرىدۇ. ئازراقلا بىخەستىلىك قىلسىڭىز، ئاقىۋەتنى تەسەۋۋۇر قىلالامسىز؟

بىز خۇدا ئۈچۈن خىزمەت قىلغاندا، شەيتان ھەر دائىم تۈرلۈك ئامالللار بىلەن بىزنى مەغلۇپ قىلىش ئۈچۈن ئاتلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىشلىتىدىغان قورالى پۇل، ئويۇن-تاماشا، نام-ئاتاق ۋە يەنە مۇھەببەت قاتارلىقلاردۇر. ئەگەر بىز سەگەكلىك بىلەن دۇئا قىلمىساق، ئۇ بۇ قوراللارنىڭ

ھەرقانداق بىرىنى ئىشلىتىپ، بىزنى مەغلۇپ قىلىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، نۇرغۇنلىغان ئېتىقادچىلار خۇدا ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان چاغدا، شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىغا ئۇچراپ، يىقىلىپ چۈشتى. شۇڭا، بىز ناھايىتىمۇ سەگەك بولۇشىمىز ۋە ھەردائىم دۇئا قىلىشىمىز لازىم.

خۇدا بىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ، بىزگە ئېتىقادچىلار بىلەن ئېتىقادسىزلارنىڭ دوست بولۇشىنى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەي. بىز ئۆزىمىز بۇ چەكلەنگەن ئىشنى قىلمايلا قالماستىن، يەنە باشقا ئېتىقادچىلارنىمۇ ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇشىمىز كېرەك. خۇدا بىزگە تەلىم بېرىپ، شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىنىڭ قورقۇنچلۇق ئىش ئىكەنلىكىنى، بىزنىڭ ھەر دائىم ئۇنىڭدىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇداپىئەلىنىپ، ئۆزىنىڭ نۇقسانسىز پەرزەنتى بولۇشىمىزغا، ئۆزىگە سادىقلىق كۆرسىتىشىمىزگە، ئۆز نامىنى ئۇلۇغلىشىمىزغا ياردەم بەرگەي.

4

# ئېتىقادچىلار ئاجراشسا بولامدۇ؟

«بىر پەرىسىي ھەزرىتى ئەيسانى سىنىماقچى بولۇپ، ئۇنىڭدىن: ‹ ئادەم ھەرقانداق سەۋەب بىلەن ئايالىنى تالاق قىلسا بولامدۇ؟ › دەپ سورىدى. ھەزرىتى ئەيسا جاۋاب بېرىپ:‹ ئادەملەرنى ياراتقۇچى ئەڭ دەسلەپتە ئەر ۋە ئايالنى ياراتتى ›. شۇنداقلا مۇنداق دېدى: ‹ شۇ سەۋەبتىن، ئوغۇل-قىزلار ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپ، بىر-بىرىگە باغلىنىپ، بىر تەن بولىدۇ. بۇنى سىلەر ئوقۇمىغانمۇ؟ شۇنداق ئىكەن، ئەر-خوتۇن ئىككى ئادەم ئەمەس، بەلكى ئۇلار بىر تەندۇر. شۇڭا، خۇدا قوشقاننى ھېچكىم ئايرىۋېتەلمەيدۇ › دېدى. پەرىسىيلەر: ‹ ئۇنداقتا، موسا نېمىشقا تالاق خېتى بېرىپ، نىكاھتىن ئاجرىششقا بولىدۇ، دېگەن؟ › دېدى. ھەزرىتى ئەيسا: ‹ چۈنكى، سىلەرنىڭ باغرىڭلار قاتتىق

> بولغاچقا، مۇسا سىلەرنىڭ خوتۇنۇڭلارنى تالاق قىلىشىڭلارغا رۇخسەت قىلغان. لېكىن، دەسلەپتە ئۇنداق ئەمەس ئىدى. سىلەرگە شۇنى ئېيتايكى، ئايالىنى تالاق قىلىپ، باشقا ئايال ئالغان كىشى ئەگەر زىنا سەۋەبىدىن بولمىسا، خۇدانىڭ نەزىرىدە زىنا قىلغان بولىدۇ. تالاق قىلىنغان ئايالنى ئېلىشمۇ زىنا قىلغانلىقتۇر› دېدى» («ماتتا بايان قىلغان خۇش-خەۋەر» 19-باب، 3-ئايەتتىن 9-ئايەتكىچە).

«ئاجرىشىش»تىن ئىبارەت بۇ ئىش بۈگۈنكى جەمئىيەتتە ناھايىتى مۇھىم بىر مەسىلە بولۇپ قالدى. قەدىمكى زاماندا، مەملىكىتىمىزدە تالاق قىلىدىغان ئىش بار ئىدى، بىراق ئايال ئەردىن ئاجرىشىدىغان ئىش يوق ئىدى. ئىسرائىل دۆلىتىدىمۇ شۇنداق ئىدى. خوتۇنى كۆزگە سىغمايدىغان ئىش قىلسا، ئەر ئۇنى تالاق قىلىۋېتەتتى. بىراق، خوتۇن ئۇنداق قىلالمايتتى. موسانىڭ قانۇندا:

«ئەر خوتۇن ئالغاندىن كېيىن،

خوتۇننىڭ نامۇۋاپىق ئىش قىلغانلىقىنى كۆرسە، ئۇنىڭدىن رازى بولمىسا، تالاق خېتىنى ئايالىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، ئۇنى ئۆيدىن چىقىرىۋەتسە بولىدۇ» دەپ يېزىلغان («قانۇن شەرھى» 24_ باب، 1_ ئايەت).

ھازىر ئايال تەرەپمۇ ئەردىن رازى بولمىسا، ئاجرىشىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋېرىدىغان بولدى. شۇڭا، «تالاق قىلىش» دېگەن بۇ سۆز «ئاجرىشىش» دېگەن سۆزگە ئۆزگەردى. ئاجرىشىش مەملىكەتىمىزدە تېخى ئەۋج ئالمىدى. ياۋروپا ۋە ئامېرىكا دۆلەتلىرىدە بۇ ئىش مودا بولۇپ قالدى. ئەر_خوتۇنلار ئازراقلا توقۇنۇشۇپ قالسا، ئاجرىشىمەن، دەپ قوپىدىغان بولدى. ئېتىقادى ئاجىز بىر قىسىم كىشىلەر بۇ خىل ئېقىمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماقتا. ئەگەر بۇ ئىش «مۇقەددەس كىتاب»تىكى ھەقىقەتلەر بىلەن توغرا چۈشەندۈرۈلمىسە، نۇرغۇن ئېتىقادچىلار بۇ خىل زەھەرلىك ئېقىمنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ كېتىدۇ.

رەب ئەيسا يۇقىرىقى ئايەتتە ناھايىتى ئېنىق قىلىپ، موسانىڭ قانۇنىدا خوتۇن تالاق قىلىشقا

رۇخسەت قىلىنغانلىقىنىڭ يەھۇدىيلارنىڭ باغرىنىڭ قاتتىقلىقىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى ئېيتىدۇ. خۇدانىڭ ئەسلىدىكى پىلانى ئەر-خوتۇننىڭ مەڭگۈ ئايرىلماي بىللە ئۆتۈشىدىن ئىبارەتتۇر. ئاخىردا، رەب ئەيسا بىزگە يەنە زىنادىن باشقا سەۋەب بولماي تۇرۇپ، ئايالىنى تالاق قىلىپ، باشقا ئايال ئالغۇچىلارنىڭ زىنا قىلغانلىق ھېسابلىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنداق، بۇ ناھايىتىمۇ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشتۇر. خۇدانىڭ نىكاھنى يارىتىشتىكى مەقسىتى ئەر-خوتۇن ئىككى تەرەپنىڭ بىر-بىرىگە سادىق بولۇپ، ئائىلىنى ئورتاق تەشكىللىشى ئۈچۈندۇر. ئەگەر ئايال بولغۇچى ئېرىنى تاشلاپ قويۇپ، باشقىلار بىلەن زىنا قىلسا، ئۇ ئۆز نىكاھىنى قەستەن بۇزغان بولىدۇ. بۇنداق شارائىتتا، قارشى تەرەپ ئۇنى تالاق قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كەتسە بولىدۇ. بۇ چاغدا ئائىلىنى بۇزۇش گۇناھى ئەردە ئەمەس، بەلكى ئايالدا بولىدۇ. لېكىن، ئايال زىنا قىلمىغان ئەھۋالدا، ئەرنىڭ ئايالىنى تالاق قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ. ئەگەر ئەر ئايالىنى ھەرقانداق باھانە-سەۋەب بىلەن تالاق قىلىۋېرىدىغان بولسا، ئايال تەرەپنىڭ

ئۇچرايدىغان خەتىرى چەكسىز بولىدۇ. بەزى ئەرلەر ئۆز ئاياللىرىنى تاشلاپ قويۇپ، سىرتتا ئاشنا ئوينايدۇ. ياكى خوتۇنىنىڭ ئۈستىگە يەنە خوتۇن ئالىدۇ. ئەگەر ئاجرىشىشنىڭ سەۋەبلىرى زىنادىنمى باشقا ئىشلار بولسا، ئۇلار ئاياللىرىنى خالىغانچە تالاق قىلىدۇ-دە، ئاياللارنى بوزەك قىلىپ، تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاياللىرى شۇنداقلا قارشى چىققۇدەك بولسا، ئۇلار ئاياللىرىغا گۇناھتىن بىرنى ئارتىدۇ -دە، ئۇلارنى تالاق قىلىدۇ. بۇ بىچارە ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ھەممىنى كۆرمەسكە سېلىپ، بىلمەسكە سېلىپ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئۆتىدۇ. خۇدا بۇنداق ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەزرىتى ئەيسا ئارقىلىق بىزگە تەلىم بېرىپ: «ئايالىنى تالاق قىلىپ، باشقا ئايال ئالغۇچىلار، ئەگەر زىنا سەۋەبىدىن بولمىسا، زىنا قىلغان بولىدۇ» دېگەن.

نۇرغۇن قالاق مىللەتلەردە بىر ئەرگە كۆپ خوتۇن راۋا بولىدۇ، دېگەن قاراش بار. مەملىكىتىمىزدە قەدىمدىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە توقال ئالىدىغان ئادەت بار. ئازراقلا ئورنى ياكى پۇلى بار ئادەم ئاز دېگەندىمۇ بىر ياكى

ئىككى توقال ئالاتتى. چوڭ ئەمەلدارلارغىمۇ گەپ توغرا كەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىغىنى تېخىمۇ كۆپ بولاتتى. ياۋروپا دۆلەتلىرىدە خۇش خەۋەر تارقىلىشتىن بۇرۇن بۇ خىل ئادەت ئەۋج ئالغانىدى. خۇش خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن نۇرغۇن ناچار مىللەتلەر ئىسلاھ قىلىنىپ، كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈم بارا-بارا ئەمەلدىن قالدى. ئەمما، يېقىنقى بىر نەچچە ئەسىردە، ماتېرىيالىزمنىڭ كەڭ تەشۋىق قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئۆزىنى ئېتىقادچى دەپ ئاتىۋالغان نۇرغۇن كىشىلەر ئەمەلىي تۇرمۇشتا ھەقىقەتتىن چەتنەپ، ئېتىقادسىزلارغا ئەگىشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ ئەخلاق-پەزىلىتى چۈشكۈنلەشتى. نۇرغۇن ئەرلەر باشقا خوتۇنلارغا بۇزۇلۇپ، ئۆز خوتۇنىدىن يۈز ئۆرۈشتى. نۇرغۇنلىغان ئاياللارمۇ ئەرلىرىدىن يۈز ئۆرۈپ، باشقا ئەرلەرنى ياخشى كۆرۈپ، پۇرسەت تېپىپ ئەرلىرىدىن ئايرىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن، بەزى يامان نىيەتلىك ئەرلەر ئۈچىنچى شەخس بولۇپ، خوتۇنلارنى ئازدۇرۇپ، ئۇلارنى ئەرلىرىدىن ئاجراشتۇرۇۋېتىدىغان، بەزى خوتۇنلارمۇ ئەرلەرنى خوتۇنلىرىدىن ئاجراشتۇرۇۋېتىدىغان ئەھۋاللار پەيدا بولدى.

شۇڭا، ياۋروپا ۋە ئامېرىكا دۆلەتلىرىدە ئاجرىشىش ئەۋج ئالدى.

نۇرغۇنلىغان ياشلارنىڭ ھاۋايى- ھەۋەسكە بېرىلىشى، كەلسە-كەلمەس مۇھەببەتلىشىشى، نىكاھنى چاقچاق ئورنىدا كۆرۈشى ئاجرىشىشتىن ئىبارەت بۇ يامان ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولماقتا. ئەگەر ئۇلار توي قىلغاندىن كېيىن، زىنادىن باشقا سەۋەب بولمىسا، ئاجرىشىشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلسە ئىدى، تويدىن بۇرۇن ئىنچىكىلىك بىلەن ئويلىنىپ، لايىقىنى كۆڭۈل قويۇپ تاللىغان بولاتتى. بۇنداق قىلمىسا، ئۇلار ئۆمۈرلۈك پۇشايمانغا قىلىشى مۇمكىن.

ئاجراشقاندا ئەرلەرنىڭمۇ زىيان تارتىدىغان ۋاقىتلىرى بولىدۇ. لېكىن، كۆپرەك زىيان تارتىدىغىنى يەنىلا ئاياللىدۇر. بولۇپمۇ مەملىكىتىمىزدە شۇنداق. ئەرلەر ئاجراشقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قايتا توي قىلىشى ناھايىتىمۇ ئاسان. لېكىن، بۇ ئىش ئاياللارغا نىسبەتەن مۇشكۈل. گەرچە ئاجراشقان ئاياللارمۇ قايتا توي قىلىشنى خالىسىمۇ، ئاجراشقان ئاياللارنى ئېلىشنى خالايدىغان ئەرلەردىن قانچىلىكى بار

دەيسىز!

بەلكىم بەزىلەر: «بەزى كىشىلەر تويي قىلغاندىن كېيىن، ھەقىقەتەن تەس كۈنگە قالىدۇ. ئۇلار نۇرغۇن ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە ئۇچرايدۇ. بۇ چاغدا، ئۇلار پەقەت ئاجرىشىش ئارقىلىقلا بۇ ئازابتىن قۇتۇلالايدۇ. مەسىلەن، بەزى ئەر-خوتۇنلارنىڭ مىجەز-خاراكتېرى بىر-بىرىگە پەقەت ماسلاشمايدۇ. بەزىلىرىنىڭ بىلىم-سەۋىيە پەرقى ناھايىتى چوڭ. بەزى ئاياللار يولدىشىنىڭ ئۆيدىكىلەر بىلەن چىقىشالمايدۇ. ياكى بىر تەرەپنىڭ مىجەزى غەلىتە چىقىپ، قارشى تەرەپنى خورلايدۇ. بۇنداق ئەھۋاللارغا بەرداشلىق بېرىش ھەقىقەتەنمۇ تەس. شۇڭا، پەقەت ئاجرىشىپ كېتىشلا مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئامالى بولىدۇ. ئەگەر زىنادىن باشقا سەۋەب بولمىسا، ئاجرىشىشقا بولمىسا، بۇ خىلمۇ خىل قىيىنچىلىقلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىمىز؟» دەپ سورىشى مۇمكىن. مەن ئىقرار، نۇرغۇن ئەر-خوتۇنلاردا يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن قىيىنچىلىقلار مەۋجۇت. ئەجەبا، بۇ مەسىلىلەرگە نىسبەتەن ئاجرىشىشتىن باشقا ياخشىراق ئامال يوقمۇ؟ ئەر-خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدا

يۈز بەرگەن قىيىنچىلىقلارنىڭ ئىچىدە، ئاز ساندىكى قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلغىلى بولماسلىقى مۇمكىن. ھەل قىلىش ئۇسۇلى ئاجرىششتىن تەس بولىدۇ. ئەگەر ئاجرىششتىن ئىبارەت بۇ ئاسان يول يوق بولسا ئىدى، كىشىلەر باشقا يوللارنى ئىزلىگەن بولاتتى. بۇ يوللار ھەقىقەتەنمۇ ئاجرىششتىن كۆپ ياخشىدۇر. لېكىن، ئۇلار ئاجرىشىش يولىنى ئاسان كۆرگەچكە، بۇ يولنى تاللايدۇ.

ئالدى بىلەن، مىجەز-خاراكتېرنىڭ ماسلىشالماسلىقىنى ئالايلى، كىچىكىدىن بىرگە تۇرمىغان ئىككى ئادەم تۇساتتىنلا بىرگە ياشىغاندا، ھەر بىرىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق مىجەز-خۇلقى، ياخشىلىق تەرىپى ۋە يامانلىق تەرىپى، ئارتۇقچىلىقى ۋە كەمچىلىكى بولىدۇ. ئۇلار توي قىلىپ بىرنەچچە ئايغىچە بىر-بىرىدىن تارتىنىپ، ئۆزئارا يول قويۇشىدۇ. شۇڭا، توقۇنۇش ئاساسەن پەيدا بولمايدۇ. بىر نەچچە ئايدىن كېيىن، بۇ خىل ھالەت ئاستا-ئاستا يوقاپ، توقۇنۇش ئاستا-ئاستا باشلىنىدۇ. يېنىكلىرى ئۆزئارا تىللىشىدۇ، ئېغىرلىرى ئۆزئارا قول تەگكۈزۈشىدۇ. بۇنداق

ئەھۋالدا، ئەلۋەتتە ئىككىلا تەرەپ بىر-بىردىن نارازى بولىدۇ-دە، ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن چىقىش يولى ئىزلەيدۇ. شۇڭا، بۇ يەردە پەقەت ئىككىلا يول بار. بىرى، ئايرىلىپ كېتىش، يەنە بىرى، ئۆزئارا يول قويۇش، ئۆزئارا ھۆرمەتلەش، ئۇزاق مۇددەتلىك ئىتتىپاقلىقنى قولغا كەلتۈرۈش. بىرىنچى خىل يولدا مېڭىش بىر قەدەر ئاسانراق. بىراق، بىرىنچى چۆرىسى بىلەن چىقىشالمىغان ئادەم، ئىككىنچىسى بىلەنمۇ چىقىشىپ ئۆتەلمەيدۇ. شۇنداق بولغاندا، يەنە توي قىلىپ، يەنە ئاجرىشىپ، يەنە توي قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر ئەر-ئاياللار بىر-بىرىگە يول قويۇشنى بىلمىسە، سەۋرچان بولمىسا، قارشى تەرەپنى ھۆرمەتلىمىسە، بەلكىم بۇنداق ئادەم ئون قېتىم توي قىلىپ، ئون قېتىم ئاجرىشىپ كېتىشى مۇمكىن. ئون بىرىنچى قېتىم توي قىلسىمۇ، ئاجرىشىشتىن خالىي بولالماسلىقى مۇمكىن. دېمەك، ئائىلىدە ئۆزئارا يول قويۇش، ئۆزئارا سەۋرچان بولۇش بەكمۇ زۆرۈر. يەنە كېلىپ، ئاجراشقاندىن كېيىن ئىككىلا تەرەپ چىقىش يولى تاپالىسىغۇ مەسىلە ئېغىر بولمايدۇ. ئەگەر بىر تەرەپنىڭ چىقىش يولى بولۇپ، يەنە بىر

تەرەپ قىيىنلىپ قالسا، ئۇ چاغدا چوڭ مەسىلە كېلىپ چىقىدۇ. قىيىنلىپ قالدىغان تەرەپ ئەلۋەتتە ئاجرىشىشنى رەت قىلىدۇ. لېكىن، قارشى تەرەپ بەك قىستاپ تۇرۇۋالسا، ئامال يوق باش ئېگىشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالغا ئۇچرايدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاياللاردۇر. ئەگەر بىر ئەر ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلەپ، ئۆز ئايالىنى ھاڭغا ئىتتىرسە، بۇ بەكمۇ قەبىھلىك بولىدۇ. ئاجرىشىشتىن ئىبارەت بۇ يول ئۆزىڭىز ئۈچۈنمۇ، قارشى تەرەپ ئۈچۈنمۇ مېڭىشقا بولمايدىغان يولدۇر. ئۇنداقتا ئىككىنچى يولچۇ؟ بۇ يولدا مېڭىش ئۈچۈن يول قويۇشقا، سەۋرچان بولۇشقا ۋە ھەممە ئىشتا قارشى تەرەپنى ئويلاشقا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر سىز ھەمىشە مۇشۇنداق قىلالىسىڭىز، قارشى تەرەپمۇ سىزدىن تەسىرلىنىپ، سىزگە بولغان پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىشى مۇمكىن. مۇنداق قىلىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە كەمتەر بولۇشقا، جاپا تارتىشقا، قۇربان بېرىشكە، ئۆزىنى ئاتاشقا توغرا كېلىدۇ. مۇشۇنداق قىلالىسىڭىز، سىز ئىللىق بىر ئائىلىگە ئىگە بولۇپلا قالماي، ئەخلاق جەھەتتىمۇ ئۆزىڭىزنى يېتىلدۈرىسىز. تۆلىگەن بەدەللىرىڭىزنىڭ تاتلىق

مېۋىسىنى تېتىيالايسىز. مانا، ئەمدى سىز بۇ يولنى ئاجرىشىش يولى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ بېقىڭچۇ؟ «بىلىم-سەۋىيە جەھەتتىكى پەرقنىڭ چوڭ بولۇشى» مۇ ھازىرقى بەزى كىشىلەرنىڭ ئاجرىشىشتىكى باھانە-سەۋەبى بولماقتا. بۇنى باھانە دېيىشكىمۇ، دېمەسلىككىمۇ بولىدۇ. ئەگەر سىزنىڭ ئاجراشقۇڭىز بولسا، بۇ بىر سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر سىز ئاجرىشىشنى خالىمىسىڭىز، بۇ پۇت تىرەپ تۇرىدىغان سەۋەب بولالمايدۇ. مەن بىر ئېتىقادچى ئايالنى تونۇيمەن. ئۇ 30 يىل ئىلگىرى باشقىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن بىرەيلەنگە ياتلىق بولغانىدى. ئۇ چاغلاردا، توي ئىشىغا ئاتا-ئانا پۈتۈنلەي ئىگە بولاتتى. بۇ ئايالنىڭ ئاتا-ئانىسى تونۇشتۇرغۇچىدىن بۇ ئەرنىڭ خۇش خەۋەر تارقاتقۇچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، خۇش خەۋەر تارقاتقۇچى بولغاندىن كېيىن، چوقۇم ئازدۇر-كۆپتۇر بىلىمى باردۇر، دەپ ئويلىغانىدى. ئەمما، توي بولۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار ئاندىن بۇ ئەرنىڭ ساۋاتسىز ئىكەنلىكىنى بايقالىدۇ. ئەمما، قىز مەلۇماتلىق ئىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇ بىر ساۋاتسىزغا ياتلىق بولغانىدى. ئەلۋەتتە، ئۇ ئەينى چاغدا

ناھايىتى كۆپ ئازابلىنىدۇ. ئەمما، ئۇ ئاللىبۇرۇن ياغاچ قېپىقىقا ئايلىنىپ بولغاچقا، ئىشنى ئارقىغا قايتۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ يولدىشىغا ئوقۇتقۇچى بولۇپ، يولدىشىنى بىر بىلىملىك ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقتى. ئەگەر ھازىرقى مودا قىزلاردىن بىرەرسى مۇشۇنداق ئەھۋالغا يولۇقىدىغان بولسا، چوقۇم ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلغان بولاتتى. ئۇ چاغلاردا ئاجرىشىشقا يول يوق ئىدى. ئۇ چوقۇم ئاشۇ يولنى تاللىشى كېرەك ئىدى. بىر ئايال بىر ساۋاتسىز ئەرنى كىتاب ئوقۇيدىغان قىلغان يەردە، بىر ئەرنىڭ بىر ئايالنى بىلىملىك قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقالىشى مۇمكىن بولمايدىغان ئىشمۇ؟ چوڭ بولۇپ قالغان ئادەمگە خەت ئۆگىتىش ئەلۋەتتە تەس، بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ سەۋرچانلىق، كۆپ تىرىشچانلىق كېرەك. ئەگەر سىزدە ئاجرىشىمەن دېگەن نىيەت بولسا، ئەلۋەتتە سىز بۇ جاپانى تارتىشنى خالىمايسىزدە.

يەنە بەزىلەر بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن قارشى تەرەپنى ئازراق بىلىمگە ئىگە قىلغان بولغان بىلەن،كاتتا بىلىم ئىگىسى قىلىپ يېتىشتۈرۈپ

چىقىشالمىغان بولسىڭىز، سىزمۇ ئۇنى

ئۆزگەرتىشنى ئويلايدۇ، دەپ ئويلىشى مۇمكىن. بۇنداق ئوي-پىكىردە بولغۇچىلار چوقۇم ياش، تەجرىبىسىز ۋە بىلىمى كەمچىل ئادەملەردۇر. بىر ئادەم بىلىم-سەۋىيىسى ئۆزىنىڭكىدىن يۇقىرى ئادەم بىلەن دوست بولسا، بەكمۇ ياخشى بولىدۇ. بىراق، بىلىم-سەۋىيىسى ئۆزىنىڭكىدىن يۇقىرى خوتۇننى ئالسا، كەمسىتىلىشتىن خالىي بولالماسلىقى مۇمكىن. سىز بىلىم-سەۋىيىسى يوق خوتۇننى ئالغان بولسىڭىز، سىزمۇ ئۇنى ئوخشاشلا كەمسىتىسىز. ئەگەر ئايالىڭىزنىڭ بىلىم-سەۋىيىسى سىزنىڭكىدىن تۆۋەنرەك بولسا، ئۇ سىزنى تېخىمۇ ھۆرمەتلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، مۇشۇنداق بولغىنى ياخشىراق بولىدۇ.

يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ سۆزلىسەك، بىر ئايالنىڭ ياخشى خوتۇن بولالىشى ياكى بىر ئەرنىڭ ياخشى ئەر بولالىشى ئۇنىڭ بىلىمى بىلەن مۇناسىۋەتسىز. بەزىلەرنىڭ بىلىمى يۇقىرى بولغان بىلەن ھاكاۋۇر، شەخسىيەتچى كېلىدۇ. ئۇلار باشقىلارغىلا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىپلا قالماي، يەنە ئۆز ئاياللىرىغىمۇ شۇنداق. ئەگەر بىر ئادەم مۇشۇنداق جۆرىگە ئۇچراپ قالسا، بۇ زادى بەختمۇ ياكى بالايى-ئاپەتمۇ؟ ئەكسىچە، بەزىلەر

ئالىي مەلۇماتلىق بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار مۇلايىم، ھەممە ئىشتا باشقىلارنى ئويلايدىغان، باشقىلارنىڭ ھالىغا يېتىدىغان، باشقىلارغا زىيان سالمايدىغان كېلىدۇ. ئۇلار ئانچە بىلىملىك بولمىسىمۇ، بىراق كۆڭۈللۈك تۇرمۇش كەچۈرەلەيدۇ. سىزدىن شۇنى سوراپ باقاي، بىر ئادەم مۇشۇنداق جۆرىگە ئېرىشەلىسە، بۇ ئۇنىڭ بەختىمۇ ئەمەسمۇ؟ ئەلۋەتتە، بىلىمنىڭمۇ ئۆزىگە لايىق رولى ۋە قىممىتى بار. ئەگەر سىز بىلىمى يۇقىرىنىلا قوغلاشسىڭىز، سىز خاتالاشقان بولىسىز. بىلىشىڭىز كېرەككى، ئائىلە ئەمەلىي تۇرمۇش ئۆتكۈزىدىغان جاي بولۇپ، ھەرگىزمۇ بىلىمنى سېلىشتۇرىدىغان، لىكسىيە سۆزلەيدىغان، ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىلىرىنى تارقىتىدىغان جاي ئەمەس.

خوتۇنىڭ ئەرنىڭ ئۆيدىكىلەر بىلەن چىقىشالماسلىقى مەملىكىتىمىزدىكى كۆپىنچە ئائىلىلەرنىڭ قىيىنچىلىقىدۇر. بۇ مەسىلە مەيلى قانچىلىك تەس بولسۇن، ئاجرىشىش ئۇسۇلى بىلەن ھەل قىلىشقا بولمايدۇ. ئايال ئەرگە تەگدىكى، ھەرگىزمۇ ئەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە تەگمىدى. ئايالنىڭ ئەرنىڭ ئۆيدىكىلەر بىلەن

چىقىشىپ ئۆتەلمەسلىكى پەقەت ئۇنىڭلا خاتالىقى بولماسلىقى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، بەزى ئۇرۇشقاق خوتۇنلار بۇنىڭ سىرتىدا. بىراق، كۆپىنچە ئاياللارنى توي قىلىپ ئەرنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە ئەسكى دېگىلى بولمايدۇ. ئەرنىڭ ئۆيدىكىلەر ئۇنىڭغا تەلەپنى بەك يۇقىرى قويۇۋەتكەن، ئۇنى ئازراقمۇ چۈشەنمىگەن ۋە ئۇنىڭدىن دائىم قۇسۇر تېپىپ، ئۇنى ئەيىبلەۋەرگەن بولۇشى مۇمكىن. بەزىدە ئەر-خوتۇنىنىڭ مۇناسىۋىتى بەك ياخشى بولۇپ كەتسىمۇ، ئەرنىڭ ئۆيدىكىلەر بۇنىڭغا ھەسەت قىلىپ، ئىشنى تەسلەشتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن. ئايالمۇ ئادەم بولغاچقا، ئەلۋەتتە بۇ خىل ئورۇنسىز مۇئامىلىلەرگە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ-دە، ئۇمۇ ئۇلارغا قارشى چىقىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئەگەر ئەر بولغۇچى ئايالىنى ئاتا-ئانامغا ۋاپادار بولمىدى، تۇغقانلىرىم بىلەن چىقىشالمىدى، دەپ قويۇپ بەرسە، ئايالغا ئۇۋال قىلىنغان بولمامدۇ؟ بەزىدە ئاياللارمۇ بۇ خىل خورلۇققا چىدىماي، ئاجرىشىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇمۇ مېڭشقا تېگىشلىك يول ئەمەس. بۇنداق

ئەھۋالدا، چوقۇم مەسىلىنى ھەل قىلىش چارىسىنى تېپىش زۆرۈردۇر. رەببىمىز ئۈچۈن بولسىمۇ چىداپ ئۆتۈشىمىز كېرەك. پەقەت چىدىيالمىساق، يولدىشىمىز بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۆي ئايرىپ چىقىپ كەتسەكمۇ بولىدۇ.

بىز يۇقىرىدا زىنادىن باشقا سەۋەب بولمىسا، خۇدانىڭ ئاجرىشىشقا رۇخسەت قىلمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. شۇڭا، بىزمۇ ئاجرىشىشقا قەتئىي قارشى تۇرۇشىمىز لازىم. ئېتىقادچىلارغا بۇنداق نىيەتتە بولماسلىققا، ئائىلە مەسىلىسىنى ئوبدان ھەل قىلىشقا نەسىھەت قىلىپ، ئۇلارنى يېتەكلىشىمىز لازىم. ئۇلارغا خۇدانىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش كۆرۈش توغرىسىدا تەلىم بېرىپ، قىيىنچىلىق ئۈستىدىن غالىپ كېلىش تەربىيىسىنى كۈچەيتىشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تېخى توي قىلمىغان ياشلارغا توي قىلغاندىن كېيىن ئاجرىشىشقا بولمايدىغانلىقى، بىر ئۆمۈر پۇشايماندا قالماسلىق ئۈچۈن، تويدىن بۇرۇن ياخشى ئويلىنىش كېرەكلىكى توغرىسىدا تەلىمنى كۈچەيتىشى كېرەك. ئاجرىشىش مەسىلىسىگە نىسبەتەن

ئېتىقادسىزلار مەيلى قانداق كۆز قاراشتا بولمىسۇن، بىز ئېتىقادچىلار خۇدانىڭ تەلىمىنى ئاڭلىشىمىز لازىم. خۇدا مۇنداق دەيدۇ:

«مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتايكى،
ئايالىنى تالاق قىلىپ، باشقا ئايال
ئالغانلار، ئەگەر زىنا سەۋەبىدىن
بولمىسا، زىنا قىلغان بولىدۇ».

# 5
# تۇل خوتۇنلار قايتا ياتلىق بولسا بولامدۇ؟

«قېرىنداشلار، سىلەر ھەممىڭلار قانۇننى چۈشىنىسىلەر. شۇڭا، شۇنىمۇ چۈشىنىسىلەركى، قانۇن پەقەت ھايات ئادەمگىلا ھۆكۈمرانلىق قىلالايدۇ. مەسىلەن، ئېرى بار ئايال، ئېرى ھاياتلا بولىدىكەن، قانۇن بويىچە ئېرىگە باغلىنىدۇ. لېكىن، ئېرى ئۆلۈپ كەتسە، نىكاھ قانۇنىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئايال ئېرى ھايات ۋاقتىدا باشقا بىر ئەر بىلەن بىرگە بولسا، زىناخور ئايال دەپ قارىلىدۇ. لېكىن، ئېرى ئۆلۈپ كەتسە، ئايال نىكاھ قانۇنىدىن ئەركىن بولىدۇ. بۇ چاغدا باشقا بىر ئەرگە تەگسە، زىنا قىلغان بولمايدۇ» («رىملىقلارغا يېزىلغان خەت»7-باب،1- ئايەتتىن 3-ئايەتكىچە).

«ئەمدى بويتاقلار بىلەن جۈپتى ئۆلۈپ كەتكەن ئەر ۋە ئاياللارغا كەلسەك،

سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، سىلەرنىڭ ماڭا ئوخشاش ئۆيلەنمەي ياشىغىنىڭلارنى ياخشى دەيمەن. لېكىن، ئۆزۈڭلارنى تۇتۇۋالالمىساڭلار، نىكاھلىنىڭلار. چۈنكى، شەھۋەت ئوتىدا كۆيگەندىن كۆرە، نىكاھلىق بولغان ياخشىدۇر» («كورىنتلىكلارغا يېزىلغان بىرىنچى خەت» 7-باب، 8-ئايىتىدىن 9-ئايىتىگىچە).

«ئىبرى ھايات چاغدا، ئايالى ئىبرىگە نىكاھتا باغلانغان بولىدۇ. لېكىن، ئىبرى ئۆلۈپ كەتسە، خالىغان كىشى بىلەن نىكاھلىنىشقا ئەركىندۇر. ۋەھالەنكى، ئۇ كىشى ئېتىقادچى بولسۇن. بىراق، تۇل ئايال تۇل پېتى تۇرسا، تېخىمۇ بەختلىك بولىدۇ. بۇ مېنىڭ كۆز قارىشىم. لېكىن، مەن ئويلايمەنكى، بۇ كۆز قارىشىمغا خۇدانىڭ روھى يېتەكچىلىك قىلىدى» («كورىنتىلىكلارغا يېزىلغان بىرىنچى خەت»7-باب، 39-ئايىتىدىن 40-ئايىتىگىچە).

«ياردەم بېرىلىدىغان تۇل ئاياللارنى تىزىملىغاندا، ئۇلارنىڭ يېشى چوقۇم ئاتمىشتىن يۇقىرى، ئېرى ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭغا سادىق بولغان بولۇشى كېرەك. ئۇلار يەنە ياخشىلىقلىرى بىلەن تونۇلغان، يەنى بالىلىرىنى ياخشى تەربىيىلەپ چوڭ قىلغان، مېھماندوست، كەمتەرلىك بىلەن ئېتىقادچىلارنىڭ خىزمىتىدە بولغان، قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا ياردەم قىلغان ۋە ئۆزىنى ھەر خىل خەير-ساخاۋەت ئىشلىرىغا بېغىشلىغان ئايال بولۇشى كېرەك.

ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ياش تۇل ئاياللارنى تىزىملىما. چۈنكى، بۇنداق ئاياللارنىڭ جىسمانىي جەھەتتىكى ئارزۇلىرى ئەيسا مەسىھكە بولغان رىشتىنى بېسىپ كەتسە، ئۇلار نىكاھلىنىشنى ئويلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار جامائەتچىلىكتە خىزمەت قىلىش توغرىسىدىكى دەسلەپ بەرگەن

ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، باشقىلار
تەرىپىدىن ئەيىبلىنىدۇ. ئۇلار يەنە
ھۇرۇنلۇقنى ئادەت قىلىۋېلىپ،
ئۆيمۇئۆي دوقۇرۇپ يۈرىدۇ. ئۇلار بۇنىڭ
بىلەنلا قالماي، قىلىشقا تېگىشلىك
بولمىغان گەپ-سۆزلەرنى قىلىپ،
باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىۋالىدىغان
ۋالاقتەگكۈرلەردىن بولۇپ قالىدۇ.
شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنداق ياش تۇل
ئاياللارنىڭ نىكاھلىنىپ، پەرزەنت
كۆرۈشنى ۋە ئۆي ئىشلىرى بىلەن
شۇغۇللىنىشنى سورايمەن. شۇنداقلا
بىزگە قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ ھېچقانداق
پىتنە-ئىغۋا تارقىتىش پۇرسىتى
بولمايدۇ. چۈنكى، بەزى تۇل ئاياللار
ئاللىبۇرۇن تايتىن چىقىپ، شەيتاننىڭ
كەينىگە كىرىپ كەتتى» («تىموتىيغا
يېزىلغان بىرىنچى خەت» 5-باب،
9-ئايىتىدىن 15-ئايىتىگىچە).

ئېتىقادچىلارنىڭ نىكاھ مەسىلىسىگە
مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر مۇھىم ئىش تۇل

ئاياللارنىڭ قايتا توي قىلىش مەسىلىسىمۇ سەل قارىماسلىقىمىز لازىم. مەملىكىتىمىزدە ئىلگىرى تۇل ئاياللارنىڭ قايتا توي قىلىشى بىر خىل نومۇسلۇق ئىش، دەپ قارىلاتتى. گەرچە بۇ ئىش قانۇن جەھەتتىن چەكلەنمىسىمۇ، كىشىلەر شۇنداق قارىغاچقا، يۈز-ئابرۇيغا ئېتىبار بېرىدىغان، ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن تۇل ئاياللار ھەرگىزمۇ قايتا تۇرمۇشلۇق بولۇشقا ئۇنىمايتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى ئىلگىرىكى ئېرىگە بولغان ساداقىتىنى ساقلاپ قايتا توي قىلمايدۇ. بەزى ئاياللار ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئاسراش، تەربىيىلەش سەۋەبىدىن قايتا توي قىلمايدۇ. بەزى ئاياللار ياشىنىپ قالغان قېيىناتا-قېيىنانىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن قايتا توي قىلمايدۇ. بۇ تۇل ئاياللارنىڭ ھەممىسى باشقىلارنى سۆيۈش سەۋەبىدىن تۇل ئۆتۈش يولىنى تاللىغان. بۇ خىل قۇربانلىق، بۇ خىل ھەرىكەت، بۇ خىل مۇھەببەت ھەقىقەتەنمۇ ئۇلۇغ ۋە ئالىيجانابتۇر. بىز ئۇلارنى ھۆرمەتلەيمىز ھەم ئۇلارغا قايىل بولىمىز. بىز يەنە بەزى تۇل ئاياللارنىڭ باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىدىن قورقۇپ ھەم باشقىلارنىڭ بېسىمى بىلەن مەجبۇرىي تۇل

ئۇلتۇرۇۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمىمىز. ئۇنداقتا، بۇنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ؟ بەزىلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان ئادىمى يوق، ئۇلار كەمبەغەلچىلىكتە، غۇربەتچىلىكتە ئۆتىدۇ. بەزىلىرى روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىكى بېسىم تۈپەيلىدىن كېسەلدىن خالىي بولالمايدۇ. بەزىلىرىنىڭ نېرۋىسى ئاجىزلىشىپ، ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. بەزىلىرى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، باشقىلار بىلەن يوشۇرۇنچە زىنا ئۆتكۈزۈشى مۇمكىن. بەزىلىرى يولدىن چىقىپ پاھىشە بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. بۇنىڭدىنمۇ قورقۇنچلىقى ئۇلار يامان يوللاردا يۈرۈپ، ھاياتىدىن ئايرىلىشى مۇمكىن. ھەتتا بەزىلىرى ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. بىز تۇرمۇشتا بۇنداق ئىشلارنى بەكمۇ كۆپ ئاڭلايمىز. كونىلاردا: «قىمارۋاز ئوغرىغا يېقىن، زىناخور ئۆلۈمگە» دېگەن سۆز بار. بۇ ھەقتە سۆزلەپ كەلسەك، گەپ بەك جىق.

يۇقىرىقى سەت ئىشلار ۋە تراگېدىيىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بۇ دەل تۇل ئاياللارنىڭ قايتا تۇرمۇشلۇق بولۇشۇنى چەكلەيدىغان كۆز قاراش ئەمەسمۇ؟ ئەمىلىيەتتە،

قايتا توي قىلىشمۇ ھەرگىز نومۇسلۇق ئىش ئەمەس. بىز بۇنى ھەرگىزمۇ چەكلىمەسلىكىمىز لازىم. تۇل ئاياللارنىڭ قايتا تۇرمۇشقا چىقىش ياكى چىقماسلىقى ئۇلارنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقىدا بولۇشى كېرەك. ھېچكىمنىڭ ئۇلارنى ئەيىبلەش ھوقۇقى يوق. ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن تۇل ئايالنىڭ ۋە ئايالى ئۆلۈپ كەتكەن بويتاقنىڭ قايتا توي قىلىش ياكى قىلماسلىق ھوقۇقى بار. مۇشۇنداق بولغاندا، توي قىلماي، تۇل ئولتۇرۇشنى خالايدىغان ئاياللار ئۆز ئارزۇلىرى بويىچە قارىلىق تۇتۇپ ئولتۇرالايدۇ. شۇنداقلا بەزى تۇل ئاياللار توي قىلىپ، نۇرغۇن ئازاب ۋە قىيىنچىلىقتىن خالىي بولالايدۇ. بۇ ئەھۋال «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ تەلىملىرىگىمۇ زىت ئەمەس.

بىز يۇقىرىقى ئايەتلەرنى ئوقۇساق، خۇدانىڭ تۇل ئاياللارنىڭ قايتا توي قىلىشىنى چەكلىمىگەنلىكىنى بىلىمىز. ئۇلار قايتا توي قىلسا، گۇناھ قىلغان بولمايدۇ. شۇنداقلا بۇ نومۇس قىلغۇدەك ئىشمۇ ئەمەس. بىراق تۇل قالغان ئېتىقاتچى قايتا تۇرمۇشلۇق بولماقچى بولسا، چوقۇم ئېتىقادچى بىلەن توي قىلىشى كېرەك. خۇدا بۇ ئىش توغرىسىدا بىزگە ناھايىتى

ئېنىق تەلىم بەرگەن.

ئەمما، بۇ ھەرگىزمۇ تۇل خوتۇنلار چوقۇم تىوي قىلىشى كېرەك، دېگەنلىك ئەمەس.

«ئەمدى بويتاقلار بىلەن جۇپتى ئۆلۈپ كەتكەن ئەر ۋە ئاياللارغا كەلسەك، سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، سىلەرنىڭ ماڭا ئوخشاش ئۆيلەنمەي ياشىغىنىڭلارنى ياخشى دەيمەن. لېكىن، ئۆزۈڭلارنى تۇتۇۋالالمىساڭلار، نىكاھلىنىڭلار. چۈنكى، شەھۋەت ئوتىدا كۆيگەندىن كۆرە، نىكاھلىق بولغان ياخشىدۇر» («كورىنتلىكلارغا يېزىلغان بىرىنچى خەت» 7ـ باب، 8ـ ۋە 9ـ ئايەت).

«بىراق، تۇل ئايال تۇل پېتى تۇرسا، تېخىمۇ بەختلىك بولىدۇ» («كورىنتلىكلارغا يېزىلغان بىرىنچى خەت» 7ـ باب، 40ـ ئايەت).

لېكىن، بۇ مەجبۇرىي ئەمەس. «مۇقەددەس

كىتاب»تىكى تەلىملەر ھەقىقەتەنمۇ دانا ۋە مۇۋاپىقتۇر. ئەگەر ھەممە ئادەم بۇ تەلىملەر بويىچە ئىش قىلسا ئىدى، دۇنيادىكى ئېچىنىشلىق پاجىئەلەر ئازايغان بولاتتى.

بىز «تىموتىيغا يېزىلغان بىرىنچى خەت»نىڭ 5-بابىدىن، ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكى ئۇزۇن مەزگىل تۇل ئولتۇرۇپ، ياخشى ئىشلارنى قىلغان تۇل ئاياللارنى تىزىملىشىنى، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدە قارىغۇچىسى بولمىسا، ئۇلارغا قارىشى كېرەكلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئەگەر ئۇلارنىڭ قارىغۇچىسى بولسا، ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىنى ئاۋارە قىلماسلىق كېرەك.

> «ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن تۇل ئاياللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغىن. لېكىن، بۇنداق تۇل ئاياللارنىڭ پەرزەنتلىرى ياكى نەۋرىلىرى بولسا، ئۇلار ئالدى بىلەن ئۆز ئائىلىسىدىن خەۋەر ئېلىش ئارقىلىق ئېتىقادىنى ئەمەلىيەتكە ماسلاشتۇرۇشنى ئۆگەنسۇن، بۇ ئارقىلىق ئۆز ئاتا-ئانىسىنىڭ ئەجرىنى ياندۇرسۇن. چۈنكى، بۇ خۇدانى خۇرسەن قىلىدۇ»

(«تىموتىيغا يېزىلغان بىرىنچى خەت»
5-باب، 3-ئايەتتىن 4-ئايەتكىچە).
«ئەگەر ئېتىقادى بار بىر ئايالنىڭ تۇل
قالغان تۇغقانلىرى بولسا، ئۇ ئۇلارغا
ياردەم بەرسۇن، يۆكنى ئېتىقادچىلار
جامائەتچىلىكىگە ئىتتىرىپ قويمىسۇن.
شۇنداق بولغاندا، جامائەتچىلىك
ھەقىقىي ئىگە-چاقىسىز تۇل ئاياللارغا
ياردەم قىلالايدۇ» («تىموتىيغا يېزىلغان
بىرىنچى خەت» 5-باب، 16- ئايەت).

بۇ ئايەتلەر، ياشانغان تۇل ئاياللاردىن باشقا يەنە ياش تۇل ئاياللار ھەققىدىمۇ توختالغان بولۇپ، مۇنداق دېيىلگەن:

«ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن تۇل ئاياللارنى
تىزىملىما. چۈنكى، بۇنداق ئاياللارنىڭ
جىسمانىي جەھەتتىكى ئارزۇلىرى ئەيسا
مەسىھكە بولغان رىشتىنى بېسىپ
كەتسە، ئۇلار نىكاھلىنىشنى ئويلايدۇ.
بۇنىڭ بىلەن ئۇلار جامائەتچىلىكتە
خىزمەت قىلىش توغرىسىدىكى دەسلەپ
بەرگەن ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ،
باشقىلار تەرىپىدىن ئەيىبلىنىدۇ. ئۇلار

يەنە ھۇرۇنلۇقنى ئادەت قىلىۋېلىپ،
ئۆيمۇ ئۆي دوقۇرۇپ يۈرىدۇ. ئۇلار بۇنىڭ
بىلەنلا قالماي، قىلىشقا تېگىشلىك
بولمىغان گەپ-سۆزلەرنى قىلىپ،
باشقىلارنىڭ سۆزىگە ئارىلىشىۋالىدىغان
ۋالاقتەگكۈرلەردىن بولۇپ قالىدۇ.
شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنداق ياش تۇل
ئاياللارنىڭ نىكاھلىنىپ، پەرزەنت
كۆرۈپ، ئۆي ئىشلىرى بىلەن
شۇغۇللىنىشىنى سورايمەن. شۇنىڭدىلا
بىزگە قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ ھەرقانداق
پىتنە-ئىغۋا تارقىتىش پۇرستى
بولمايدۇ. چۈنكى، بەزى تۇل ئاياللار
ئاللىبۇرۇن تايتىن چىقىپ، شەيتاننىڭ
كەينىگە كىرىپ كەتتى».

شۇنداق ئىكەن، ياش تۇل ئاياللار قايتا تۇرمۇشلۇق بولغىنى ياخشىدۇر.

ئاجايىپ ئىش-ھە! «مۇقەددەس كىتاب»تا، بۇ ئىش توغرىسىدا ئېنىق كۆرسەتمە تۇرۇقلۇق، نۇرغۇنلىغان ئېتىقادچىلار ۋە ئېتىقادسىزلار خۇددى بىر گۇناھتەك ھېس قىلىشىدۇ ۋە قايتا توي قىلغان تۇل ئاياللارنى كۆزگە ئىلمايدۇ. ئەگەر

ئايالى ئۆلۈپ كەتكەن بىر بويتاق ئۆيلىنىمەن دېسە، ھېچكىمنىڭ بۇنىڭغا پىكرى چىقمايدۇ، ئەمما تۇل ئايال قايتا ئەرگە تەگمەكچى بولسا، نۇرغۇن ئادەملەر ئۇنىڭغا قارشى تۇرىدۇ. بۇ ئىش ئەرلەرگە يوللۇق، ئاياللارغا يولسىز بولسا مۇۋاپىق بولامدۇ؟ ئەگەر بۇنىڭغا قارشى تۇرغۇچىلار ئۆزى بىر نەچچە يىل تۇل ئاياللارنىڭ تۇرمۇشىنى كەچۈرۈپ باقسا ئىدى، ئۇلار بۇ ئىشقا ھەرگىزمۇ قارشى چىقمىغان بولاتتى.

دۇنيادىكى نۇرغۇن ئادەملەر (ھەتتا ئېتىقادچىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) تاپا-تەنە قىلىشقا ئادەتلەنگەن. ئۇلار باشقىلارنىڭ مەيداندا تۇرمايدۇ، باشقىلارنىڭ دەردىنى، قىيىنچىلىقىنى ئويلاشمايدۇ، ئەكسىچە ئۆزىنىڭ مەيداندا تۇرۇپ، باشقىلارنى تەنقىدلەيدۇ ھەم ئەيىبلەيدۇ. ھەتتا ئۆزىنى ماختاپ، ئەگەر مەن مۇشۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كېلىپ قالسام، مەن چوقۇم ئۇنداق، مۇنداق قىلاتتىم، دەپ پو ئاتىدۇ. ئەگەر كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشۈپ قالسا، باشقىلار قىلغاننىمۇ قىلالماسلىقى مۇمكىن. ئېرى تېخى ھايات بىر ئايالنىڭ تۇل ئايالغا، قايتا توي قىلىسىڭىز

بولمايدۇ، دېيىشكە رۇخسەت يوق. سىز خاتا قىلدىڭىز دەپ ئەيىبلەشكە تېخىمۇ رۇخسەت يوق. چۈنكى، بۇ ئايال تۇل ئاياللارنىڭ دەردىنى، ئازابىنى، ئېھتىياجىنى چۈشەنمەيدۇ. ھەرقانداق ئەرنىڭ ھەرقانداق تۇل ئايالنىڭ قايتا تۇرمۇشلۇق بولۇشىنى ئەيىبلەش ھوقۇقى يوق. چۈنكى، ئەرلەر ئاياللارنىڭ دەردىنى ئەسلا چۈشەنمەيدۇ. دېمەك، تۇل ئاياللارنىڭ قارار قىلىش ھوقۇقى ئۆزىنىڭ قولىدىدۇر. تۇل ئايالنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ ياكى ھەرقانداق تۇغقىنىنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن قارار چىقىرىش ھوقۇقى يوق. مۇشۇنداق بولغاندا، كەلگۈسىدىكى ئاۋارىچىلىقلاردىن خالىي بولغىلى بولىدۇ. تەبىئىيكى، باشقىلار بىر تۇل ئايال ئەقىلسىزلىق قىلىپ، نامۇۋاپىق لايىق تېپىۋالسا، ئۇنىڭ زىيان تارتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلسا بولىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە ئادەم مەسىلىسى، ھەرگىزمۇ تۇل ئولتۇرۇش ياكى ئولتۇرماسلىق مەسىلىسى ئەمەس. ئەگەر بىر ئايال تۇل ئولتۇرۇشنى قارار قىلسا، باشقىلار ئۇنىڭغا يېقىندىن ياردەمدە بولۇشى كېرەك. ئەرلەر مۇنداق ئاياللار بىلەن باردى-كەلدى قىلغاندا، ئۇلارنىڭ سىناققا ئۇچراپ، يېقىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن،

ئۇلار ئالاھىدە دىققەت قىلسۇن. ئەگەر بىر تۇل ئايال قايتا تۇرمۇشلۇق بولۇشنى قارار قىلسا، باشقىلارمۇ خۇددى ئايالى ئۆلۈپ كەتكەن بويتاقلارغا ياردەم بەرگەندەك، ئۇلارنىڭ مۇۋاپىق لايىق تېپىشىغا ياردەم بەرسۇن.

ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا، نۇرغۇنلىغان نامۇۋاپىق كۆز قاراشلار ۋە تەلىملەر بار. ئېتىقادچىلار ئىشلارنى چوقۇم «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ تەلىمى، خۇدانىڭ مۇھەببىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك. بىر ئىش «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ تەلىمىگە ئۇيغۇن كەلسىلا، ئۇنى تەشەببۇس قىلىپ، بۇ دۇنيا كىشىلىرىنىڭ قارشى تۇرۇشى ۋە قانداق كۆز قاراشتا بولۇشى بىلەن كارى بولماسلىق كېرەك. بۇ دۇنيانىڭ يامان ئادەتلىرىگە ئەگىشىپ، خۇدانىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىپ، باشقىلارنى زىيانغا ئۇچراتماسلىقىمىز لازىم. بىز پەقەت بۇ دۇنيا كىشىلىرىنى يېتەكلىسەك بولىدۇكى، ئۆزىمىز ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ ئارقىغا كىرىپ كەتمەسلىكىمىز لازىم. «يەرەميا» 15-باب، 19-ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن:

«ئۇلار ساڭىلا مەنسۇپ بولسۇنكى، سەن

ئۇلارغا مەنسۇپ بولمىغىن».

ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىدىكى يېتەكچىلەرمۇ «مۇقەددەس كىتاب»تىكى ھەقىقەتلەر بويىچە ئېتىقادچىلارغا تەلىم بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشتا خۇدانىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلىشىغا ياردەم بېرىشى كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندا، پەقەت خۇدالا شان-شەرەپكە ئېرىشىپ قالماي، ئادەملەرنىڭ ئېرىشىدىغان بەختىمۇ كۆپىيىدۇ.

6

# ئېتىقادچىلارنىڭ توقال ئېلىش باھانىسى بارمۇ يوق؟

«كېيىن، پەرۋەردىگار خۇدا: ‹ئادەمنىڭ يالغۇز ياشىشى ئەمەس، ئۇنىڭغا لايىق بولغۇدەك بىر ياردەمچى ھەمراھ يارىتاي› دېدى. بۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار خۇدا يەردىكى توپىدىن ياراتقان ھەر خىل ھايۋانات ۋە ئۇچار قاناتلارنى ئادەمئاتىنىڭ ئالدىغا ئۇلارغا ئىسىم قويسۇن دەپ كەلتۈردى. ئادەمئاتا ئۇلارغا قانداق ئىسىم قويسا، شۇنداق ئاتىلىپ كەلدى. ئادەمئاتا بارلىق ئۇچار قانات ۋە ھايۋانلارغا ئىسىم قويدى، لېكىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆزىگە لايىق بولغۇدەك بىر ياردەمچى ھەمراھ چىقمىدى. شۇڭا، پەرۋەردىگار خۇدا ئادەمئاتىنى قاتتىق ئۇخلىتىۋەتتى. ئۇ ئۇخلاۋاتقاندا، ئۇنىڭ بىر تال قوۋۇرغىسىنى ئېلىپ، ئۇ يەرنى ئېتىۋەتتى. پەرۋەردىگار خۇدا ئالغان

قوۋۇرغا سۆڭىكىدىن بىر ئايال ياساپ، ئۇنى ئادەمئاتىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئادەمئاتا خۇشال هالدا مۇنداق دېدى:

— مانا ئەمدى سۆڭىكى مېنىڭ سۆڭىكىمدىن، گۆشى مېنىڭ گۆشۈمدىن ئېلىنغان، ماڭا ئوخشاش خىلدىكى بىرى بولدى! ئۇنىڭ ئىسمى ‹ئايال›، چۈنكى ئۇ ئەردىن ئېلىنغان!

شۇ سەۋەبتىن، ئوغۇل-قىزلار ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپ، بىر-بىرىگە باغلىنىپ، بىر تەن بولىدۇ.

ئۇ چاغدا ئادەمئاتا بىلەن ئۇنىڭ ئايالى هاۋائانا هەر ئىككىلىسى يالىڭاچ بولۇپ، نومۇس قىلىشمايتتى» («ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» 2-باب، 18-ئايىتىدىن 24-ئايىتىگىچە).

يۇقىرىدىكى ئايەتلەر بىزگە ناهايىتى ئېنىق قىلىپ شۇنى ئېيتىدۇكى، ئائىلە پەقەت بىر ئەر ۋە بىر ئايالدىن تەشكىل تاپىدۇ. بىر ئەرگە بىرلا خوتۇن چېتىش خۇدانىڭ بەلگىلىمىسىدۇر. خۇدا

مۇنداق دەيدۇ: «ئادەمنىڭ يالغۇز ياشىشى ياخشى ئەمەس، ئۇنىڭغا لايىق بولغۇدەك بىر ياردەمچى ھەمراھ يارىتاي». خۇدا پەقەت بىرلا ئايالنى يارىتىپ، ئادەمئاتىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەن. خۇدانىڭ بەلگىلىمىسى بولسا: «ئوغۇل-قىزلار ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپ، بىر-بىرىگە باغلىنىپ، بىر تەن بولىدۇ»دىن ئىبارەتتۇر. بۇ يەردە دېيىلگىنى پەقەتلا ئىككى ئادەمنىڭ بىر تەن بولۇشى بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئۈچ ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئادەملەر بىر تەن بولسۇن، دېيىلمىگەن. رەب ئەيسامۇ بۇ ھەقتە پەرىسىيلەرگە جاۋاب بېرىپ: « مۇشۇنداق ئىكەن، ئەر-خوتۇن ئىككى ئادەم ئەمەس، بەلكى بىر تەندۇر» دېگەنىدى. دېمەك ، بۇ ساندىن ئېشىپ كەتسە، خۇدانىڭ بەلگىلىمىسگە خىلاپلىق قىلىنغان بولىدۇ-دە، بۇنداق ئادەم ئازاب ۋە بالا-قازانى ئۆزى ئىزدەپ تاپىدۇ.

«مۇقەددەس كىتاب»تا خاتىرىلەنگەن خۇدانىڭ بۇ بەلگىلىمىسىنى تونجى بولۇپ بۇزغان كىشى دەل ئاكىسى ھابىلنى ئۆلتۈرگەن قابىلنىڭ بەشىنچى ئەۋلات نەۋرىسى لامىكتۇر. «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» 4-باب، 19-ئايەتتە مۇنداق

خاتىرىلەنگەن:

«لامەك ئىككى ئايال ئالدى. بىرىنىڭ ئىسمى ئادە، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى زىللە ئىدى».

يەنە مۇنۇلارمۇ خاتىرىلەنگەن:

«لامەك ئىككى ئايالىغا پو ئېتىپ، مۇنداق دېدى:

— ئەي ئادە بىلەن زىللە، سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭلار! ئەي ئاياللىرىم! كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاڭلار! ماڭا چېقىلغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈردۈم! مېنى ئۇرغان بىر ياشنى ئۆلتۈردۈم. قابىلنى ئۆلتۈرگۈچى يەتتە ھەسسە جازالانسا، مېنى ئۆلتۈرگۈچى يەتمىش ھەسسە جازالىنىدۇ» («ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» 4-باب، 23-، 24-ئايەت).

بۇ ئادەم دەل بوۋىسى قابىلغا ئوخشاش قوپال بولۇپ، ھە دېسىلا ئادەم ئۆلتۈرەتتى. ئۇنىڭ ئىككى ئايالىغا قىلغان سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ بىر لۈكچەك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۇ ئادەم

ئۆلتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى بۇ ئىشنى شەرەپ ھېسابلايتتى. بۇنىڭدىن ماختىناتتى. ئۇنىڭ بوۋىسى قابىل ئادەم ئۆلتۈرگەندە، خۇدادىن قورقۇپ، بۇ ئىشنى يوشۇرغانىدى. لېكىن، لامەك قورقۇش تۈگۈل، بۇ ئىشتىن ماختىنىپ يۈردى. قابىل ئادەم ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭمۇ باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشىدىن قورقۇپ، خۇداغا يېلىنغاندا، خۇدا ئۇنىڭغا: «سېنى ئۆلتۈرگەن كىشى يەتتە ھەسسە قاتتىق جازالىنىدۇ» دېگەنىدى. لېكىن، لامەك قىلچە تەپ تارتماستىنلا: «قابىلنى ئۆلتۈرگۈچى يەتتە ھەسسە جازالانسا، مېنى ئۆلتۈرگۈچى يەتمىش يەتتە ھەسسە جازالىنىدۇ» دەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن ئۇنىڭ قانچىلىك قاپ يۈرەك ۋە قانچىلىك ۋەھشىيلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. دەل مۇشۇنداق بىر يولسىز لۈكچەك خۇدانىڭ بىر ئەرگە بىر خوتۇن بولۇش بەلگىلىمىسىنى تۇنجى بولۇپ بۇزۇپ تاشلىغانىدى. خۇدا بۇ ئىشنى «مۇقەددەس كىتاب»تا، ئالاھىدە تىلغا ئالغان. ئەجەبا، بۇنىڭ بىزگە نىسبەتەن چوڭقۇر مەنىسى يوقمىدۇ؟

كېيىن بىز يەنە خۇداغا ئىخلاسمەن ئىبراھىمنىڭ بۇ بەلگىلىمىگە خىلاپلىق

قىلغانلىقىنى كۆرىمىز. بىراق، ئىبراھىمنىڭ بۇ ئىشنى قىلىشى لامېكنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ لامېكقا ئوخشاش خۇدانى كۆزگە ئىلمايدىغان ئادەم ئەمەس ئىدى. ئۇ بۇ ئىشنى شەھۋەتپەرەسلىك قىلىپ ئەمەس، بەلكى ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، تېخىچە بىرەر بالىسىنىڭ يوقلۇقىدىن ھەم ئايالى سارانىڭ سۆزىگە كىرگەنلىكىدىن قىلدى. ئۇ بۇ توقال ئارقىلىق ئوغۇللۇق بولۇشنى ئويلايتتى. گەرچە ئىبراھىمنىڭ بۇ توقالنى ئېلىشتىكى باھانىسى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ناھايىتى يېتەرلىك ۋە ئورۇنلۇقتەك كۆرۈنىدۇ. ئەمما، ئۇ خۇدانىڭ بەلگىلىمىسىنى بۇزغاچقا، ئۇنىڭ بېشىغا چەكسىز بالا-قازا ياغدى. تار دائىرىدە دېسەك، خوتۇن بىلەن توقال ئۆزئارا چىقىشالماي، ئائىلىدە ماجىرا تۈگىمىدى. يۈز نەچچە ياشقا كىرىپ قالغان ئىبراھىم ئاخىر بۇ توقالنى ۋە ئۆز پۇشتىدىن بولغان ئوغلى ئىسمايىلنى ئۆيدىن قوغلىۋېتىشكە مەجبۇر بولدى. كەڭ دائىرىدىن دېسەك، ئىسھاقنىڭ ئەۋلادلىرى يەھۇدىيلار بىلەن ئىسمايىلنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئەرەبلەر ئۆزئارا چىقىشالماي، نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان

بىر-بىرىگە ھۇجۇم قىلىشىپ، بىر-بىرىنى ئۆلتۈرۈشۈپ كەلمەكتە. بۇ ئەھۋال تاكى بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

كېيىن ئىبراھىمنىڭ نەۋرىسى ياقۇپمۇ ئىككى خوتۇن ئالغىنى يەتمىگەندەك، يەنە تېخى ئىككى توقالمۇ ئالدى. بىر ئەر تۆت خوتۇن ئالسا، ئۇنىڭ ئېرىشىدىغان پايدىسى نېمە بولىدۇ؟ بىر نەچچە ئايال ئوتتۇرىسىدا بىر-بىرىگە ھەسەت قىلىش تۈپەيلىدىن جېدەل-ماجىرا تۈگىمەيدۇ. ياقۇپنىڭ ئوغلى رۇبىن دادىسىنىڭ توقىلى بىلھا بىلەن بىر ئورۇندا يېتىپ، چوڭ شەرمەندىچىلىكنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئون ئوغۇل بىرلىشىپ، باشقا خوتۇندىن بولغان يۈسۈپنى مىسىرغا سېتىۋېتىپ، ئۇنىڭ كىيىملىرىنى قانغا بوياپ، ياقۇپنى «ئوغلۇڭ ئۆلدى» دەپ ئالداپ، ئۇنى ئۇزۇن يىل ھەسرەتتە قالدۇردى.

بىز «مۇقەددەس كىتاب»تىن كۆپ خوتۇن ئالغان كىشىلەرنىڭ ئاقىۋەتتە زور بالا-قازاغا مۇپتىلا بولغانلىقىنى كۆرىمىز.«كونا ئەھدە»دىكى «ھاكىملار»نىڭ 8- ۋە 9-بابنى ئوقۇپ باقسىڭىز بولىدۇ.

«كونا ئەھدە»دە يەنە بىر كۆپ خوتۇن ئالغان

كىشى بار. ئۇ بولسىمۇ، دەل يىشايىنىڭ ئوغلى داۋۇدتۇر. داۋۇد كەم دېگەندىمۇ يەتتە خوتۇن ئالغاندى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن كېنىزەكلىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئائىلىسىدە قانداق ئەھۋاللار يۈز بەردى؟ داۋۇدنىڭ چوڭ ئوغلى داۋۇدنىڭ باشقا خوتۇنىدىن بولغان تامارنىڭ نومۇسىغا تېگىپ، تامارنىڭ ئاكىسى ئابسالوم تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. شۇنداقلا بۇ ئوغلى داۋۇدقا زور قالايمىقانچىلىقلارنى چىقاردى. «مۇقەددەس كىتاب»نى ئوقۇيدىغان بولساق، داۋۇدنىڭ باش ئاغرىقىنىڭ ناھايىتىمۇ كۆپ بولغانلىقىنى كۆرىمىز. ئەگەر داۋۇد خۇدانىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە بىر خوتۇن ئالغان بولسا، نومۇسقا قالمىغان بولاتتى.

داۋۇدنىڭ ئوغلى سۇلايمان دادىسى داۋۇدقا قارىغاندا خۇدانىڭ يولىدىن تېخىمۇ بەك چەتنىدى. ئۇ فىرئەۋۇننىڭ قىزىدىن سىرت يەنە نۇرغۇن قىزلارنى خوتۇنلۇققا ئالغان بولۇپ، ئۇلار بۇتلارغا چوقۇنىدىغان تائىپىلاردىن ئىدى. ئۇنىڭ ئالغان خانىشىنىڭ ئۆزىلا يەتتە يۈز بولۇپ، ھەممىسىلا مەلىكىلەر ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۈچ يۈز كېنىزىكى بار ئىدى. بۇلار سۇلايماننى

تازا قايمۇقتۇرغانىدى. ئۇ خۇدانىڭ نەزىرىدە يامان ئىشنى قىلدى. شۇڭا خۇدا ئۇنىڭغا قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئۇنىڭ قولىدىكى دۆلەتنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالماقچى بولدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى «پادىشاھلار 1- كىتاب»نىڭ 11-بابىدا ناھايىتى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن. بەزى ئادەملەر «كونا ئەھدە»دىكى بۇ خاتىرىلەرگە ئاساسەن، ئېتىقادچىلارمۇ توقال ئالسا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇلار: «ئالاھىدە تاللانغان ئىبراھىم ۋە ياقۇپ، ھەتتا پادىشاھ داۋۇد ۋە سۇلايمانلار كۆپ خوتۇن ئالغان ئىكەنغۇ؟» دېيىشىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆز قارىشى بويىچە ئۇلار بىزگە ئۈلگە تىكلەپ بەرگەنمىش. بىز ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى تەپسىلىي ئوقۇيدىغان بولساق، خۇدانىڭ بۇلارنى بىزگە ئۈلگە قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بىزنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن قالدۇرغانلىقىنى بىلىمىز. چۈنكى، كۆپ خوتۇن ئالغۇچىلار شۇ سەۋەبتىن كۆپ بالا-قازاغا ئۇچرىغان. بۇ «مۇقەددەس كىتاب»تا بەكمۇ ئېنىق كۆرسىتىلگەن.

پەقەت «مۇقەددەس كىتاب»تىكى خاتىرىلەردىلا ئەمەس، كۈندىلىك تۇرمۇشتىمۇ

مۇشۇنداق بولۇشى مۇقەررەر. ئاددىيسىنى ئېيتايلى، خوتۇن ۋە توقال ئۆزئارا ھەسەت قىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ بالىلىرىمۇ ئۆزئارا ئەپ ئۆتمەيدۇ.

ئەر-خوتۇننىڭ ئارىسىغا ھەرگىزمۇ ئۈچىنچى بىر ئادەم سىغمايدۇ. بۇ خۇدانىڭ بەلگىلىمىسىدۇر. بۇ بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغۇچى ئازابقا ۋە بالا-قازاغا ئۇچرىمايمەن، دەپ خام-خىيال ئەيلىمىسۇن. بىر ئائىلىنىڭ قانچىلىك باياشات بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭغا توقال كىرسىلا، ئائىلىنىڭ كەيپىياتى بۇزۇلۇپ، جېدەل قۇرۇمايدۇ. خوتۇن ئەلۋەتتە توقالغا كۈندەشلىك قىلىدۇ-دە، بۇ يېڭى ھېسسىيات دۈشمىنىگە ھۇجۇمنى باشلايدۇ. يېنىكلىرى ئۆزئارا تىللىشىدۇ، ئېغىرراقلىرى قاش-قاپاق يېرىشىدۇ. بەزى ئاياللار ياۋاش بولغاچقا، بۇ ئىشلارغا بەرداشلىق بېرەلىشى مۇمكىن، بىراق، بۇ ئىش تۈپەيلى ئەر-خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت زور زىيانغا ئۇچرايدۇ. بىز خوتۇن بولغۇچىنى سەن كۈندەشلىك قىلما، دەپ ئەيىبلىيەلمەيمىز. مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، جۈپتى يات جىنسلىق بىرسى بىلەن مۇناسىۋەت قىلسا، ئۇ ھېچنېمە دېمەي، كارى بولمىسا، بۇ نورمالسىزلىق بولىدۇ. كونا

جەمئىيەتتە مەملىكىتىمىزدە ئەر توقال ئالسا، خوتۇن ھەرگىزمۇ كۆندەشلىك قىلماسلىقى كېرەك، دەپ تەشەببۇس قىلىناتتى. بۇ ھەرگىزمۇ ھەقىقەت ئەمەس. ئەگەر بىز بۇ تەلىمنى قوبۇل قىلىدىغان بولساق، ئەر خوتۇنى باشقا بىرى بىلەن مۇناسىۋەت قىلغاندا، گەپ قىلماسلىقى كېرەك، دېگەن ئىدىيىنىمۇ قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك. ئەگەر بىز خوتۇننىڭ بۇنداق قىلىشىغا يول قويمىساق، ئەرنىڭمۇ بۇنداق قىلىشىغا يول قويماسلىقىمىز كېرەك.

بىز ئەمدى توقال بولغۇچى توغرىسىدا توختىلايلى. بىر ئايال توقال بولغاندا، ئۇ، ئەرنىڭ ھامان ئۆزىنىلا سۆيۈشىنى خالايدۇ. بىراق، ئۇ بىر خوتۇنى بار ئەر. ئەگەر ئۇ بۇ ئەرنى ئۆزىگە پۈتۈنلەي قارىتىۋالماقچى بولسا، ئۇ بارلىق ئاماللارنى قوللىنىپ ئەر بىلەن خوتۇن ئوتتۇرىسىغا سوغۇقچىلىق سالىدۇ. توقالنىڭ نەزىرىدە خوتۇن كۆزىگە قادالغان مىخ، پۇتىغا سانجىلغان تىكەن بولىدۇ-دە، ئۇنى كۆزدىن يوقاتمىغۇچە ئارام تاپمايدۇ. ئەگەر بۇ توقال يامان بولسا، خوتۇننى بوزەك تاپىدۇ. توقال قارا نىيەت بولسا، خوتۇنغا قەست قىلىشى مۇمكىن. بۇ

چاغدا توقال ئالغۇچى باشقىلاردىن ئاغرىنماي، ئۆزىنى ئەيىبلىشى كېرەك.

بۇنىڭدىن سىرت، خوتۇن بىلەن توقالدىن تۇغۇلغان بالىلارنىمۇ ئويلىشىشىمىز كېرەك. خوتۇن بىلەن توقال چىقىشالمىغانىكەن، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ ئۆز ئانىلىرىنىڭ تەربىيىسىنىڭ تەسىرىدە ئۆزئارا ئەپ ئۆتەلمەيدۇ. چوڭ بولغاندىن كېيىنمۇ بىر-بىرى بىلەن چىقىشالماي، بىر-بىرىگە زىيان يەتكۈزۈشىدۇ. بىز ياقۇپنىڭ ئون چوڭ ئوغلىنىڭ يۈسۈپنى مىسىرغا سېتىۋەتكەنلىكىنى ئەسلەپ باقايلى. ئەمەلىيەتتە، ھېچقانداق بىر ئادەم ئۆز بالىلىرىنىڭ بىر-بىرىگە ھۇجۇم قىلىپ ئۆتۈشىنى خالىمايدۇ. ئەپسۇسكى، توقال ئالغۇچىلار بۇ ئىشقا ئۆزى سەۋەبچى بولىدۇ. بۇ ئەرلەر نېمە دېگەن ئەقىلسىز-ھە!

بۇنىڭدىن باشقا، توقال بار ئۆيدە ناھايىتى ئاسانلا قالايمىقان جىنسىي مۇناسىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. ئوغۇل دادىسىنىڭ ياش توقىلى بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ قالىدۇ. دادا بىر، ئانا باشقا ئاكا-سىڭىللار بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. ئەر توقالنىڭ

تەلىپىنى قاندۇرالمىغاندا، توقال باشقا ئەر بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزىدىغان ئەھۋاللارمۇ نۇرغۇن. «مۇقەددەس كىتاب»تا، دادىسىنىڭ توقىلى بىلەن زىنا قىلغان روبىن، «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى»35-بابىدا، ئىبرىدىن يوشۇرۇنچە زىنا قىلغان ئايال، «ھاكىملار» 19-بابىدا، ئانا باشقا سىڭلىسى بىلەن زىنا قىلغان ئاممون، «سامۇئىل 2- كىتاب»نىڭ 13-بابىدا، خاتىرىلەنگەن. ئەگەر بىز بۇنداق ئائىلىلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىدىغان بولساق، بۇنداق ئىشلارنىڭ تۈمەنلەپ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بايقايمىز.

ئېتىقادسىزلار بالا يۈزى كۆرمىگەنلىكىنى توقال ئېلىشنىڭ باھانىسى قىلىشى مۇمكىن. بىراق، ئېتىقادچىلار ئۇنداق قىلسا بولمايدۇ. ئېتىقادسىزلار بالام قىبرىغاندا ماڭا ھەمراھ بولۇپ، مېنى باقىدۇ، دەپ ئويلىشى مۇمكىن. ئەگەر ئېتىقادچىلارمۇ مۇشۇنداق ئويلايدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ خۇداغا تايىنىدىغان قەلبى نەدە قالدى؟ خۇدا ئىلتىپات قىلغان ئوغۇلغىمۇ تايانغىلى بولمىغان يەردە، توقالنىڭ ئوغلىغا تايانغىلى بولامتىمۇ؟ شۇڭا، بۇ پۈتۈنلەي خاتا بولغان ھەرىكەتتۇر.

ئادەملەر نېمە دېگەن ھاماقەت- ھە! بىر

ئادەم چوقۇم ئۆز پۇشتىدىن بولغان بالىنىلا ياخشى كۆرۈشى كېرەكمۇ؟ پەقەت ئۆز پۇشتىمىزدىن بولغان بالىلا بىزگە ياردەم بېرىپ، بىزگە ئەسقاتامدۇ؟ بىزدە باشقىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى سۆيىدىغان قەلب يوقمۇ؟ نۇرغۇنلىغان ئادەملەر پەقەت ئۆز پەرزەنتلىرىنىلا سۆيىدۇكى، باشقىلارنىڭ بالىلىرىنى ئازراقمۇ ياخشى كۆرمەيدۇ. بۇنداق قىلىش ناھايىتىمۇ شەخسىيەتچىلىكتۇر.

بالىلىق بولۇش ياكى بولالماسلىق بەك مۇھىم مەسىلە ئەمەس. ئەڭ مۇھىمى قەلبىمىزدىكى مۇھەببەتتۇر. مۇھەببەتلىك ئادەمنىڭ پەرزەنتى بولمىسىمۇ، ئۇنىڭغا باردەك تۇيۇلىدۇ. شۇڭا، بۇ ھەرگىزمۇ قايغۇرىدىغان ئىش ئەمەس. شۇنداق بولغاندا، سىزنىڭ خۇداغا خىزمەت قىلىدىغان ۋاقتىڭىز تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئۆز تۇغقانلىرىڭىزنىڭ بالىلىرىغا ياردەم بېرىڭ، يېتىم بالىلارغا ياردەم قىلىڭ. ئۇلار سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزگە ئېرىشسۇن. بۇ سىزنىڭ خۇدانىڭ ئالدىدا قىلغان خىزمىتىڭىز بولىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا، سىز ئېرىشىدىغان خۇشاللىق پەرزەنتى بارلارنىڭكىدىن چوڭ بولۇشى مۇمكىن.

چوقۇم ئۆزۈمنىڭ پەرزەنتى بولۇشى كېرەك، دېگەن كۆز قاراش شەخسىيەتچىلىك بولىدۇ. ئېتىقادچىلاردا بۇنداق ئىدىيە بولسا تېخىمۇ بولمايدۇ. مەيلى بالىلىق بولايلى ياكى بولالمايلى، بىز ھەر ۋاقىت خۇدانى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىمىز لازىم. مانا بۇ خۇدانىڭ بىزدىن تەلەپ قىلىدىغىنىدۇر.

## 7
## توقال ئالغان ئادەم توۋا قىلىپ خۇداغا ئىشەنسە، ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنسا بولامدۇ؟

توقال ئېلىش خۇدانىڭ ئىرادىسىگە قارشى چىققانلىق بولۇپ، بۇ «مۇقەددەس كىتاب»تا ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىلگەن ھەقىقەت. بۇ ھەقتە بىز ئالدىنقى بابتا توختالغانىدۇق. بۇ يەردە يەنە بىر مۇھىم مەسىلە بار. ئۇ بولسىمۇ، توقال ئالغان ئادەم ئەگەر توۋا قىلىپ، خۇداغا ئىشەنسە، ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىنىڭ ئۇنى قوبۇل قىلىش ياكى قىلماسلىق مەسىلىسىدۇر.

بەزى ئادەملەر توقال ئالغان ئادەملەر توۋا قىلىپ، خۇداغا ئىشەنسىمۇ، لېكىن توقىلىدىن ئايرىلمىسا، جامائەتچىلىك ئۇلارنى قوبۇل قىلسا بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. بەزىلەر تېخى ئۇلار توقىلىدىن ئايرىلمىسا، ھەقىقىي توۋا قىلغان ھېسابلانمايدۇ، ئۇلار قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشەلمەيدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەگەر بىز بۇ ئىككى خىل كۆز قاراشنى مۇۋاپىق دېسەك، ئۇ چاغدا توقال ئالغان

ئـــادەمنىڭ قۇتقۇزۇلـــۇپ، جامائەتچىلىككـــە قوشۇلۇشى ئۈچۈن چوقۇم توقالدىن ئايرىلىشىغا توغرا كېلىدۇ. لېكىن، ئۇ ئادەم توقالنى قانداق بىر تەرەپ قىلىدۇ؟ بۇ ناھايىتىمۇ مۇھىم بولغان بىر مەسىلە.

شۇنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەككى، توقاللارمۇ ئادەم. ئۇلار ياغاچ ياكى تاش ئەمەس. ئۇلاردىمۇ ھېسسىيات بار. ئۇلارمۇ باشقا ئاياللارغا ئوخشاش. ئەگەر ئۇلار ئايرىلىشنى خالىمىسا، ئۇلارنى مەجبۇرلىساق، ئۇلار كېيىن قانداق قىلىدۇ؟ ئۇلار تېخى قىز بولسا ئىدى، باشقىلار بىلەن توي قىلىشسا بولاتتى. تۇل بولسا ئىدى، قايتىدىن تۇرمۇشلۇق بولسا بولاتتى. بىراق، ھازىر ئۇلار قىزمۇ ئەمەس، تۇلمۇ ئەمەس. ئەمىسە ئۇلار قانداق قىلىشى كېرەك؟ شۇنداق ئىكەن، بىز ئۇلار ئۈچۈن ئويلاشمىساق بولمايدۇ. بەزىلەر بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلىشى مۇمكىن. بەزىلەر يولدىن چىقىپ، باشقا ئەرلەر بىلەن زىنا قىلىشى مۇمكىن.

بەزىلەر يۇقىرىدا دېيىلگەن قىيىنچىلىقلارنى ئويلاپ، ئۇلار، توۋا قىلىپ خۇداغا ئىشەنگەن ئـــادەمنىڭ توقىلـــى بولســـا، توقىلىنـــى كەتكۈزۈۋېتىشى، ئۇنى باشقا بىر ئادەمگە ياتلىق

قىلىپ قويۇشى كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندا، خىلمۇ خىل قىيىنچىلىقلاردىن ساقلانغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. توغرا، مۇشۇنداق قىلساق، قىيىنچىلىقمۇ يوق بولىدۇ. لېكىن، بۇ خىل تەشەببۇستا بولغۇچىلار بۇ ئۇسۇلنىڭ خۇدانىڭ تەلىمگە يات ئىكەنلىكىنى بىلەمدىغاندۇ؟ «ئىنجىل»دە مۇنداق يېزىلغان:

> «مەسىلەن، ئېرى بار ئايال، ئېرى ھاياتلا بولىدىكەن، قانۇن بويىچە ئېرىگە باغلىنىدۇ. لېكىن، ئېرى ئۆلۈپ كەتسە، نىكاھ قانۇنىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئايال ئېرى ھايات ۋاقتىدا باشقا بىر ئەر بىلەن بىرگە بولسا، زىناخور ئايال، دەپ قارىلىدۇ. لېكىن، ئېرى ئۆلۈپ كەتسە، ئايال نىكاھ قانۇنىدىن ئەركىن بولىدۇ. ئۇ چاغدا باشقا بىر ئەرگە تەگسە، زىنا قىلغان بولمايدۇ» («رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» 7-باب، 2-، 3-ئايەت).

«مۇقەددەس كىتاب» بىزگە توقلى بار ئادەم

خۇداغا ئىشەنسە، توقلىدىن چوقۇم ئايرىلسۇن، دەپ ئېيتمىغان. لېكىن، «مۇقەددەس كىتاب» بىزگە ئېرى بار ئايال ئېرى ھايات ۋاقتىدا، باشقا بىرىگە مەنسۇپ بولماسلىقى كېرەك، دەپ ئېنىق ئېيتىدۇ. «مۇقەددەس كىتاب» چەكلىمىگەننى ئىنسانلار چەكلىسە، «مۇقەددەس كىتاب» يول قويمىغاننى ئىنسانلار تەشەببۇس قىلسا، ئويلاپ كۆرۈڭچۇ، بۇ مۇۋاپىق بولامدۇ؟

بىز ھازىرچە بۇ تەلىملەرنى قويۇپ تۇرۇپ، ئادىمىلىك نۇقتىسىدىن بۇ ئىشنى چۈشەندۈرۈپ باقايلى. سىز ئۆزىڭىزنىڭ توقلىنى باشقىلارغا ياتلىق قىلماقچى بولسىڭىز، ئۇنى يەنە توقاللىققا بېرەمسىز ياكى خوتۇنلۇققىمۇ؟ سىز توقال ئېلىشنى مۇۋاپىق كۆرمىگەن ئىكەنسىز، باشقىلار بۇنى مۇۋاپىق كۆرۈشى كېرەكمۇ؟ سىز توقاللىق بولۇشنى گۇناھ، دەپ قارىغان ئىكەنسىز، باشقىلارغا بۇ گۇناھنى قىلدۇرماقچىمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە كىممۇ باشقىلارنىڭ توقلىنى خوتۇن قىلىپ ئېلىشنى خالايدۇ دەيسىز؟ بۇنداق قىلىش كىشىلىك ئەخلاققا زىتتۇر. بۇ، «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ تەلىملىرىگە تېخىمۇ ماس كەلمەيدۇ.

كىشىلەر: «تۇقالىدىن چوقۇم مەجبۇرىي ئايرىلىپ، ئۇنى قىينچىلىقتا قالدۇرۇش ۋە ئۇنى باشقىلارغا چېتىپ قويۇش «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ تەلىمىگە يات بولسا، ئۇنداقتا تۇقىلى بار ئادەملەر تۇۋا قىلىپ، خۇداغا ئىشىنىشى ئۈچۈن قانداق قىلىشى كېرەك؟» دەپ سورايدۇ. بۇ مەسىلىگە قارىتا مېنىڭ جاۋابىم مۇنداق:

ئەر بىلەن تۇقال ئۆزلىرى خالىشىپ ئايرىلىپ كېتىسە ياكى تۇقالنىڭ يالغۇز ۋە مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارى بولسا، يەنى قىينچىلىقتا قالمىسا، ئۇلار ئايرىلىپ كېتىسە بولىدۇ. ئەگەر بۇنداق بولمايدىكەن، ئۇلار ئەسلىدىكى ھالەتنى ساقلاپ قالسۇن، يەنى تۇقال ئۆيدە قېلىۋەرسۇن. بىراق، بۇ چاغدا ئەرنىڭ خوتۇن بىلەن تۇقالغا بولغان مۇئامىلىسى بىردەك بولۇشى كېرەك. بىرەر تەرەپكە ئازار بېرىشكە ۋە ئۇنى خورلاشقا بولمايدۇ.

بەلكىم بەزىلەر مېنىڭ بۇ خىل قاراشتا بولغىنىمدىن ئەجەبلىنىشى مۇمكىن. ھەرگىز ئەجەبلەنمەڭ، تۆۋەندە مەن بۇ قاراشلىرىمنىڭ «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ تەلىمىگە پۈتۈنلەي

ئۈيغۇن كېلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايمەن.

مۇقەددەس قانۇنلارنىڭ بىرىدە مۇنداق يېزىلغان:«ئەگەر بىر ئەر تېخى باشقىلار بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشمىگەن قىزنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ نومۇسىغا تەگسە ھەم بۇ باشقىلار تەرىپىدىن بايقالسا، بۇ ئەر 50 سەر كۈمۈشنى قىزنىڭ دادىسىغا بەرسۇن. شۇنداقلا ئۇ ئەر بۇ قىزنى بۇلغاپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئۆز ئەمرىگە ئالسۇن. ئۇنى ئۆمۈر بويى تالاق قىلىشقا بولمايدۇ» («قانۇن شەرھى» 2ـ باب، 28ـ، 29ـ ئايەت).

بۇ چاغدا بەلكىم بەزىلەر: «سىزنىڭ بۇ كۆز قارىشىڭىز بويىچە، ئېتىقادى ئاجىز بەزى ئېتىقادچىلار ناھايىتى ئاسانلا باھانە تېپىپ، توقال ئېلىۋېلىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا قانداق بولىدۇ؟» دەپ سورىشى مۇمكىن. بۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر سوئال بولالمايدۇ. چۈنكى، مېنىڭ بۇ يەردە سۆزلەۋاتقىنىم تېخى تۇۋا قىلىپ، خۇداغا ئىشەنمىگەنلەرنىڭ توقال ئېلىش مەسىلىسى. خۇداغا ئېتىقاد قىلىپ تۇرۇپ، توقال ئېلىش بۇ باشقا بىر مەسىلە. بۇ ئىككىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. مەن

ئېتىقادچىلارنىڭ توقال ئېلىشقا قارشى تۇرىمەنكى، توقال ئالغانلارنىڭ تۇۋا قىلىپ، خۇداغا ئىشىنىشىگە قارشى تۇرمايمەن. بۇ ئىككىسى ھەرگىز ئوخشىمايدۇ. بەزى ئېتىقادچىلار: «توقىلى بار ئادەم تۇۋا قىلىپ خۇداغا ئىشەنگەندىن كېيىن، يەنىلا توقىلى بىلەن تۇرۇۋەرسە، شۇنداقلا خۇدا ئۇنى قوبۇل قىلسا، ئۇمۇ باشقا ئېتىقادچىلارغا ئوخشاش قۇتقۇزۇلىدۇ. لېكىن، جامائەتچىلىك بۇنداق ئادەمنى قوبۇل قىلسا بولمايدۇ» دېيىشىدۇ. چۈنكى، ئۇلار بۇنداق قىلىپ بەرسە، باشقىلار جامائەتچىلىكنى كۆزگە ئىلمايدۇ، دەپ ئويلايدۇ. ئۇنداقتا مەن سىلەردىن سوراپ باقاي: «بىر ئوغرى تۇۋا قىلىپ، خۇداغا ئىشەنسە، جامائەتچىلىك ئۇنى قوبۇل قىلىشى كېرەكمۇ يوق؟ بىر پارىخور ئەمەلدار تۇۋا قىلىپ، خۇداغا ئىشەنسە، جامائەتچىلىك ئۇنى قوبۇل قىلىشى كېرەكمۇ يوق؟ بىر پاھىشە تۇۋا قىلىپ، خۇداغا ئىشەنسە، جامائەتچىلىك ئۇنى قوبۇل قىلىشى كېرەكمۇ يوق؟» ئەگەر ئۇلارنى قوبۇل قىلساق، كىشىلەر جامائەتچىلىكنى تېخىمۇ كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇۋالامدۇ؟ ئۇلار جامائەتچىلىكنى ئوغرى،

پارىخور، پاھىشىلەرنى قوبۇل قىلىدىكەن، دېيىشمەمدۇ؟ بۇنداقتا، جامائەتچىلىكنىڭ ئۇچرايدىغان زىيىنى توقال ئالغانلارنىڭكىدىن تېخىمۇ چوڭ بولۇپ كەتمەمدۇ؟ ئەگەر بىز جامائەتچىلىك بۇنداق ئادەملەرنى قوبۇل قىلماسلىقى كېرەك دېسەك، ئۇنداقتا دەپ بېقىڭچۇ، جامائەتچىلىك زادى قانداق ئادەملەرنى قوبۇل قىلىشى كېرەك؟ بىز زادى كىملەرگە خۇش خەۋەرنى يەتكۈزىمىز؟ بىز بۇنداق ئادەملەردىن ئۆزىمىزنى تارتىپ، ئۇلاردىن يىراقلىشامدۇق؟

رەببىمىز ئەيسانىڭ قىلغان ئىشلىرى ئېسىمىزدە بارمۇ؟ «مۇقەددەس كىتاب»تا، مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

> «بىر كۈنى، بىرمۇنچە باجگىرلار ۋە گۇناھكار دەپ قارالغان باشقىلار ھەزرىتى ئەيسانىڭ تەلىمىنى ئاڭلاشقا كېلىۋاتاتتى. پەرىسىيلەر بىلەن تەۋرات ئۇستازلىرى نارازى بولغان ھالدا:
>
> — بۇ ئادەم نېمىشقا دائىم گۇناھكارلارنى قارشى ئالىدۇ ۋە ئۇلار بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرىدۇ؟ — دېيىشىدۇ» («لۇقا بايان قىلغان خۇش

خەۋەر» 15ـ باب، 1ـ، 2ـ ئايەت).
«ھەزرىتى ئەيسا ئۇ يەرگە كەلگەندە بېشىنى كۆتۈرۈپ زاكايغا قاراپ:
— زاكاي، چاپسان چۈش! بۈگۈن مەن سېنىڭ ئۆيۈڭدە قونىمەن، — دېدى.
زاكاي دەرھال چۈشۈپ، ئىنتايىن خۇشال بولغان ھالدا ھەزرىتى ئەيسانى ئۆيىگە ئاپىرىپ مېھمان قىلدى. بۇنى كۆرگەن جامائەت ئاچچىقلىنىپ:
— بۇ ئادەم گۇناھكارلارنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولدى! — دەپ غۇدۇڭشىدى» («لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 19ـ باب، 5ـ ئايەتتىن 7ـ ئايەتكىچە).

رەببىمىز گۇناھكارلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، ئۇلارنى باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىدىن قورقماي قوبۇل قىلغان. ئۇلار بىلەن بىللە تاماق يېگەن، ئۇلارنىڭ ئۆيىدە قونغان يەردە، بىز باشقىلارنىڭ سۆز-چۆچەكىدىن قورقۇپ، توۋۋا قىلغان ئادەملەرنىڭ جامائەتچىلىككە قوشۇلۇشىنى رەت قىلساق، ئۇلارنى ئۈمىدسىزلەندۈرسەك، ئۇيلاپ كۆرۈڭ، بۇنىڭدىن خۇدا خۇشال بولامدۇ؟

يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، مەن شۇنداق قارايمەنكى، توقال ئالغان ئادەملەر راستتىنلا تۇۋا قىلىپ خۇداغا ئىشەنگەن بولسا، ئۇلارمۇ جامائەتچىلىك تەرىپىدىن تۇۋا قىلىپ خۇداغا ئىشەنگەن باشقا ئادەملەرگە ئوخشاش قوبۇل قىلىنىشى كېرەك. شۇنداقلا، ئۇلارغا توقاللىقنى چوقۇم قويۇپ بېرىشنى كېرەك، دەپ شەرت قويماسلىقىمىز كېرەك. لېكىن، مۇنداق بىر ئىشقا دىققەت قىلىشىمىز كېرەككى، بۇنداق ئادەملەر جامائەتچىلىكتە يېتەكچى بولسا بولمايدۇ. مەيلى ئۇلارنىڭ قانچىلىك قابىلىيىتى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلارنى يېتەكچى قىلىشقا بولمايدۇ. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلىدۇ:

> «يېتەكچى بولسا ئەيىبلىنىدىغان تەرىپى بولمىغان، ئايالىغا سادىق، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان، سالماق، مۇلايىم، مېھماندوست، باشقىلارغا خۇدا توغرىسىدا تەلىم بېرەلەيدىغان ئادەم بولۇشى كېرەك» («تىموتىيغا يېزىلغان بىرىنچى خەت»3ـ باب، 2ـ ئايەت).

بۇ مەسىلىگە ھەل بولدى. ئەمدى بۇ يەردە

يەنە بىر مەسىلە بار. ئۇ بولسىمۇ باشقىلارغا توقال بولۇۋاتقان ئايال تۇۋا قىلىپ، خۇداغا ئىشەنگەندىن كېيىن، ئېرى بىلەن يەنىلا بىرگە تۇرسا، جامائەتچىلىك تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنامدۇ دېگەن مەسىلە. ئەرلەر قوبۇل قىلىنغان يەردە، ئاياللارمۇ چوقۇم قوبۇل قىلىنىشى كېرەك. ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەككى، توقال بولغۇچىلارمۇ باشقا ئاياللارغا ئوخشاشلا ھېسسىياتقا ئىگە. بىز ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىنى ھۆرمەتلىشىمىز كېرەك. شۇڭا، بىزنىڭ ئۇلارنى چوقۇم ئېرىڭدىن ئايرىل دەيدىغان ھوقۇقىمىز يوق. «كورىنتلىكلارغا يېزىلغان بىرىنچى خەت»تە مۇنداق دېيىلگەن:

> «ئەلۋەتتە، ھەممىڭلارنىڭ ماڭا ئوخشاش ئۆيلەنمەسلىكىڭلارنى خالايتتىم. لېكىن، بۇ ئىشتا ھەممە ئادەم ئوخشاش ئەمەس. چۈنكى، خۇدا ئىلتىپات كۆرستىپ، بەزىلەرگە ئۆيلىنىشنى، بەزىلەرگە بولسا ئۆيلەنمەي ئۆتۈشنى بەرگەن. ئەمدى بويتاقلار بىلەن جۈپتى ئۆلۈپ كەتكەن ئەر ۋە ئاياللارغا كەلسەك، سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، سىلەرنىڭ ماڭا

> ئوخشاش ئۆيلەنمىگەن ھالدا ياشىغىنىڭلار ياخشى دەيمەن. لېكىن، ئۆزۈڭلارنى تۇتۇۋالالمىساڭلار، نىكاھلىنىڭلار. چۈنكى شەھۋەت ئوتىدا كۆيگەندىن كۆرە نىكاھلىق بولغان ياخشىدۇر» («كورىنتلىكلارغا يېزىلغان بىرىنچى خەت»7ـ باب، 7ـ ئايەتتىن 9ـ ئايەتكىچە).

ئەگەر توقالغا خۇدا تەرىپىدىن يالغۇز ياشاش ئىلتىپاتى بېرىلمىسە، بىز ئۇلارنى قانداقمۇ يالغۇز ياشاشقا دەۋەت قىلالايمىز؟ ئاخىردا مەن توۋا قىلىپ، خۇداغا ئىشەنگەن توقاللىق ئەرلەرگە ۋە توقاللارغا بىر نەچچە ئېغىز گەپ قىلماقچىمەن. سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ بارلىق گۇناھلىرىغا پۈتۈن قەلبىڭلاردىن توۋا قىلىپ، ئەيسا مەسىھكە راستىنلا ئىشەنگەن بولساڭلار، خۇدانىڭ قوبۇل قىلىشىغا ۋە قۇتقۇزۇشىغا ئېرىشەلەيسىلەر. جامائەتچىلىك سىلەرنى قوبۇل قىلسا بۇ بەكمۇ ياخشى بولىدۇ. ئەمما، قوبۇل قىلمىسىمۇ ھېچقىسى يوق. پەقەت خۇدانىڭ قوبۇل قىلىشى ھەممىدىن مۇھىم. سىلەر بۇنىڭلىق بىلەن

چۈشكۈنلىشىپ كەتمەڭلار. شۇنداقلا ئۇلارغا ئاداۋەت ساقلاپمۇ يۈرمەڭلار. بۇنىڭدىن كېيىن، كىشىلەر سىلەرگە نىسبەتەن قانداق قاراشتا ۋە مۇئامىلىدە بولمىسۇن، سىلەر پەقەت خۇدانىڭ كۈچى ۋە ئىلتىپاتىغا تايىنىپ، ئېتىقادتا، مۇھەببەتتە، ئەخلاقتا ۋە خىزمەتتە ئۆزۈڭلارنى يېتىلدۈرۈڭلار. خۇدا ئىنسانلارنىڭ قەلبىنى تەكشۈرىدۇ. ئۇ ئادەملەرنى ھەرگىز نائۈمىددە قويمايدۇ. بىز تىرىشىپ خۇدانىڭ ياخشى پەرزەنتى بولۇپ، ئۇنى خۇشال قىلالىساق، رەببىمىز كەلگەندە، ئوخشاشلا مۇكاپاتقا ئېرىشەلەيمىز. ئىنسانلار سىرتقى كۆرۈنۈشكە قاراپ باھا بېرىدۇ. لېكىن، خۇدا ئىچكى دۇنياسىغا قاراپ باھا بېرىدۇ. بىزنى قۇتقۇزىدىغانمۇ، بىزگە مۇكاپات بېرىدىغانمۇ خۇدادۇر.

شۇنداق، بىر ھەقىقەتنى بىلىشىمىز زۆرۈردۇر. يەنى خۇدا گۇناھكارلارنى قوبۇل قىلىدۇ ھەم ئۇلارنى كەچۈرىدۇ. ئەمما، ئادەملەر بۇ دۇنيادا ئۆزىنىڭ گۇناھى يېتىشتۈرگەن ئاچچىق مېۋىنى يەمەي قالمايدۇ. داۋۇد توۋا قىلغاندىن كېيىن، خۇدا ئۇنى كەچۈردى. ئەمما، ئۇ ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىنىڭ جازاسىنى تارتتى. «كونا ئەھدە»نى

ئوقۇغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئىشنىڭ باش-ئايىغىنى چۈشىنەلەيدۇ. توۋا قىلىپ خۇداغا ئىشەنگەن توقلى بارلارنىڭ نۇرغۇنلىرى خۇدا تەرىپىدىن كەچۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئائىلىدىكى ئازاب ۋە خاتىرجەمسىزلىكتىن قۇتۇلالمايدۇ. مانا بۇ ئۇلارنىڭ كۆرىدىغىنى. ۋاقتى كەلگەندە، ئۇلار بۇ ئاچچىق مېۋىنى يىغلاپ تۇرۇپ يېمەي ئامالى يوق.

ئاخىردا مەن خۇدانى سۆيىدىغان بارلىق ئېتىقادچىلارغا شۇنى دېمەكچىمەنكى، بىز چىن قەلبىدىن توۋا قىلىپ، خۇداغا ئېتىقاد قىلغان توقاللىق ئەرلەرنى ۋە توقال بولغۇچىلارنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك. ئۇلارنى كەمسىتىشكە بولمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سەۋەنلىكى تۈپەيلىدىن خىجىل بولىدۇ (بولۇپمۇ توقال بولغۇچىلار). ئەگەر بىز ئۇلارغا نىسبەتەن ياخشى مۇئامىلىدە بولمىساق، ئۇلار ئاسانلا چۈشكۈنلىشىپ كېتىدۇ. بىز رەب ئەيسانى ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلىشىمىز لازىم.

## 8
## ئەر-خوتۇنلارغا نەسىھەت

ئەگەر ئەر-خوتۇنلار ئىناق ھەم خۇشال ئۆتمەكچى بولسا ۋە ئازابقا دۇچار بولمايلى دېسە، ئەڭ مۇھىمى ئۇلار بىر نىيەتتە خۇدادىن ئەيمىنىشى كېرەك. خۇدانى ئائىلىنىڭ بېشى ۋە خوجايىنى قىلىش كېرەك. ئەر-ئاياللار ھەممە ئىشتا خۇدانى خۇشال قىلىش ئۈچۈن تىرىشىشى كېرەك. بىر-بىرىنى خۇدانىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇشقا رىغبەتلەندۈرۈشى، خۇدانى ھەممىدىن ئۈستۈن قويۇشى كېرەك.

ئەر-خوتۇنلار چوڭ-كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزئارا مەسلىھەت بويىچە قىلىشى، بىر-بىرىگە يالغان سۆزلىمەسلىكى، بىر-بىرىگە ھىيلە-مىكىر ئىشلەتمەسلىكى ۋە بىر-بىرىنى ئالدىماسلىقى كېرەك.

ئەگەر ئېھتىياتسىزلىقتىن يالغان گەپ قىلىپ قويغان بولسا، دەرھال قارشى تەرەپتىن ئەپۇ سورىشى كېرەك. بىر-بىرىگە بولغان ئىشەنچىنى تۇرغۇزۇشى كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندا، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى خەتەرنى ئازايتقىلى بولىدۇ.

ئەر-خوتۇن ئىككىلا تەرەپ قاتتىق ئېھتىيات قىلىشى كېرەككى، ئۆز جۆرىسىدىن باشقا يات جىنسلىقلار بىلەن غەيرىي ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەتتە بولماسلىقى كېرەك. يات جىنسلىقلار بىلەن بىر-بىرىدىن يوشۇرۇنچە باردى-كەلدى قىلماسلىق كېرەك.

ئەر-خوتۇنلار بىر-بىرىنى باشقىلارنىڭ جۆرىسى بىلەن سېلىشتۇرماسلىقى كېرەك. مۇنداق قىلساق، ئۆزىمىزنى شەيتاننىڭ كونتروللۇقىغا تاشلاپ بېرىپ، ئۇنىڭ قەلبىمىزگە كىرىشىگە يول قويىمىز. يېنىك بولغاندا، سىزدە جۆرىڭىزگە نىسبەتەن زېرىكىش، ئۇنى ياراتماسلىق كۆز قارىشى پەيدا بولىدۇ. ئېغىرراق بولغاندا، سىز بارا-بارا باشقا يات جىنسلار بىلەن مۇھەببەتلىشىپ، زىنا قىلىش گۇناھىنى ئۆتكۈزۈپ قالىسىز.

ئەر خوتۇنلار بىر-بىرىنى ھۆرمەتلىشى كېرەك. بىر-بىرىگە بالىلىرىغا ۋە ئۆي خىزمەتچىسىگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلسا بولمايدۇ. قارشى تەرەپنىڭ ئەركىنلىكى ۋە كىشىلىك ھوقۇقىنى ھۆرمەتلىشى كېرەك. بىر-بىرىنى قول ئورنىدا كۆرۈشكە بولمايدۇ.

ئەر خوتۇننى سۆيۈشى، خوتۇن بولسا ئەرگە

بويسۇنۇشى كېرەك. ئەر خوتۇنغا ماڭا بويسۇن، دەپ تەلەپ قىلمىسىمۇ، پەقەت تىرىشىپ ئايالىنى سۆيسە، ناھايىتى تەبىئىي ھالدا خوتۇنىنىڭ بويسۇنۇشىغا ئېرىشەلەيدۇ. خوتۇنمۇ ھەم شۇنداق. ئەگەر ئەر خوتۇنۇم ماڭا بويسۇنغاندىن كېيىن، ئۇنى سۆيىمەن دېسە؛ ئايالمۇ ئېرىم مېنى سۆيگەندىن كېيىن، ئاندىن ئۇنىڭغا بويسۇنىمەن دېسە، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بارغانسېرى ناچارلىشىدۇ.

ئەر-خوتۇنلار بىر-بىرىگە ئىشىنىشى ۋە بىر-بىرىدىن گۇمانلانماسلىقى كېرەك. بولۇپمۇ، بىر-بىرىنى كۈنلىمەسلىكى كېرەك. بۇنداق قىلسىڭىز، قارشى تەرەپ سىزگە ئۆچ بولۇپ قېلىشى ياكى سىزدىن يىراقلاپ كېتىشى مۇمكىن.

ئەر-خوتۇنلار قارشى تەرەپ ياقتۇرمايدىغان ئىشلارنى قىلىشتىن تىرىشىپ ساقلىنىشى كېرەك. مەسىلەن، ئەر بولغۇچى ئايالىنىڭ مەينەت يۈرۈشنى ياقتۇرمىسا، ئايال بولغۇچى ئۆزىنى دائىم پاكىز تۇتۇشى كېرەك. ياكى ئايال بولغۇچى ئۆيىنىڭ قالايمىقان، رەتسىز تۇرۇشىنى خالىمىسا، ئەر بولغۇچى ھەر ۋاقىت ئۆزىنىڭ نەرسىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ تۇرۇشى كېرەك. گەرچە بۇ ئىشلار

كىچىك ئىشلار بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىشلار دائىم جېدەل چىقىشقا سەۋەبچى بولىدۇ. ئىش بارا-بارا چوڭىيىپ، چوڭ جېدەل چىقىشى مۇمكىن.

ئەر-خوتۇنلار بىر-بىرىنىڭ قىزىقىشىغا ئېتىبار بېرىشى كېرەك. ئۆزىنىڭ خاراكتېرى ۋە قىزىقىشىدا چىڭ تۇرۇۋالسا بولمايدۇ. گەرچە سىز قارشى تەرەپنىڭ قىزىقىدىغان نەرسىلىرىگە قىزىقمىسىڭىزمۇ، بەزىدە قارشى تەرەپ بىلەن ئۇنىڭ قىززىقىدىغان نەرسىلىرىگە ئورتاقلىشىشىڭىز كېرەك.

ئەر-خوتۇن ئىككىلا تەرەپ ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىلا ياخشى كۆرۈپلا قالماي، قارشى تەرەپنىڭكىنىمۇ ياخشى كۆرۈشى ۋە ھۆرمەتلىشى كېرەك. بۇنداق قىلىشنىڭ ئەر-ئايال ئىككىيلەننىڭ مۇناسىۋىتىگىلا ياخشى بولۇپلا قالماي، پەرزەنتلىرىگىمۇ ياخشى تەسىر بېرىدۇ.

ئەر-خوتۇن ئىككى تەرەپ قانداق قىلىپ قارشى تەرەپنى ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنى ئەمەس، بەلكى قارشى تەرەپكە قانداق خىزمەتلەرنى قىلىپ بەرسەم بولار، دېگەنى ئويلىشى كېرەك. چۈنكى، شەخسىيەتچى ئادەم

ھەقىقىي بەختكە ۋە خۇشاللىققا ئېرىشەلمەيدۇ.

ئەر-خوتۇنلاردىن ھەرقانداق بىرتەرەپ بالىلارغا تەربىيە بەرگەندە ياكى بالىلارنى ئۇرغاندا، قارشى تەرەپ بۇنىڭغا قارشى تۇرماسلىق كېرەك. چۈنكى، بۇنداق قىلغاندا بالىلارغا ياخشى تەربىيە بەرگىلى بولمايلا قالماي، ئۇلارنى ئۆز بېشىمچى قىلىپ قويىمىز. نەتىجىدە، بالىلارنى دادىسى باشقۇرغاندا ئاپىسىنىڭ يېنىغا كېلىدىغان، ئاپىسى باشقۇرغاندا دادىسىنى ئىزدەيدىغان قىلىپ قويىمىز. ئەگەر ئەر-خوتۇنلار بىر-بىرىنىڭ بالىلارغا بولغان مۇئامىلىسىگە نارازى بولسا، بۇنى بالىلار يوق يەردە دېيىشى كېرەك. بالىلارنىڭ ئالدىدا تالاش-تارتىش قىلىشقا بولمايدۇ.

نۇرغۇنلىغان ئەرلەر مەن ئىشلەپ پۇل تېپىپ، ئائىلىنى قامداۋاتىمەن دېگەن بىلەن، ئايالىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىدۇ. ئۇلار ئايالىنىڭمۇ پۈتۈن ئائىلە ئىشلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانلىقىنى ئويلىمايدۇ. ئايال گەرچە سىرتقا چىقىپ ئىشلەپ پۇل تاپمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ يۈكىمۇ يېنىك ئەمەس. ئەرلەر بۇ نۇقتىنى چۈشىنىپ يېتىشى كېرەك.

ئەگەر ئەر-خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى

ھەرقانداق بىر تەرەپتىن خاتالىق ئۆتسە ياكى گۇناھ ئۆتكۈزسە، قارشى تەرەپ ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇشى كېرەك. بىر چەتتە قاراپ تۇرۇشقا بولمايدۇ. تېخىمۇ بەك كۈشكۈرتۈپ، ئىشنى چوڭايتىۋېتىشكە بولمايدۇ. ئەر-خوتۇنلار بۇ جەھەتتە بىر-بىرىگە بولغان ياردەمنى كۈچەيتىشى كېرەك.

ئەر-خوتۇنلار ئارىسىدىكى ھەرقانداق بىر تەرەپ ئەگەر ئائىلىسىدىكىلەر، دوستلىرى، خىزمەتداشلىرى بىلەن، خوشنىسى بىلەن سوقۇشۇپ قالسا، قارشى تەرەپ ئۇنىڭغا تەربىيە قىلىپ، چوڭ ئىشنى كىچىكلىتىشى، كىچىك ئىشنى يوق قىلىشى كېرەك. كۈشكۈرتۈپ ئوتىنىڭ ئۈستىگە ياغ قويۇشقا بولمايدۇ. پەقەت ئەڭ ئەقىلسىز ئادەملا مۇشۇنداق قىلىدۇ. سۆزلەپ كەلسەك، دۇنيادا بۇنداق ئەقىلسىزلەر ئاز ئەمەس.

باشقىلار سىزگە ئايالىڭىزنىڭ ياكى ئېرىڭىزنىڭ كەمچىلىكلىرىنى ياكى ياخشى بولمىغان ئىشلىرىنى سۆزلەپ بەرسە، سىز بۇ گەپلەرگە ئاسانلىقچە ئىشىنىپ كەتمەڭ. بەلكىم ئۇلارنىڭ يامان نىيىتى بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار بەلكىم

سىلەرنى ئايرىۋېتىپ، ئائىلەڭلارنى بۇزۇشنى ئويلايدىغاندۇ. لېكىن، بۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلىمايمۇ قالماڭ. بەلكىم ئاياللىڭىزنىڭ ياكى يولدىشىڭىزنىڭ راستىنلا شۇنداق كەمچىلىكى بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق بولغاندا، سىز ئۇنىڭ تۈزىتىشىگە ياردەم قىلالايسىز. بىراق، سىزدە بۇ ئىشلار تۈپەيلىدىن قارشى تەرەپكە نىسبەتەن ئاداۋەت بولماسلىقى كېرەك.

ئەگەر ئەر-خوتۇنلار ئارىسىدا بىر-بىرىگە يۈز كېلەلمەيدىغان ئىش سادىر بولۇپ قالغان بولسا، مەيلى بۇ ئىش تويدىن بۇرۇن ياكى كېيىن بولسۇن، قارشى تەرەپ پۇشايمان قىلىپ، تۇۋۋا قىلسىلا، كەچۈرۈڭلار. ھەممە ئىشنى ئۇنتۇپ ئالدىڭلارغا قاراڭلار. بۇ خىل پوزىتسىيە بىر-بىرىڭلارنىڭ مۇھەببىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ. بۇ جېدەل چىقىرىپ، ئېچىنىشلىق تراگېدىيىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغاندىن ياخشى. بۇ ئىشتا ئاقىلانە بولۇڭكى، ھەرگىز دۆتلۈك قىلماڭ.

ئەر-خوتۇنلار بىر-بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى كۆپىرەك ئۆگىنىپ، بىر-بىرىگە تاپا-تەنە قىلىشماسلىقى كېرەك. ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى چوقۇم بوينىغا ئېلىشى كېرەك. «فىلىپىلىكلەرگە

يېزىلغان خەت»تە مۇنداق دېيىلگەن:

«ھەرقانـــداق ئىشنـــى ئاغرىنمـــاي،
تاكاللاشمـــــــــــــاي قىلىڭلار»
(«فىلىپىلىكلەرگە يېزىلغـان خـەت»
2ـ باب، 14ـ ئايەت).

بۇ ھېكمەتلىك سۆزنى بىز ئائىلىدە ئالدى بىلەن قوللىنىشىمىز لازىم.

ئەر ـ خوتۇنلۇق تۇرمۇشتا قانداق مۇشكۇلات ۋە قىيىنچىلىق بولسا، تالىشىپ تۇرۇپ كۆتۈرۈش كېرەك. خۇشاللىقنى قارشى تەرەپكە ئۆتۈنۈش كېرەك. مانا بۇ ھەقىقىي مۇھەببەت. مانا بۇ ھەقىقىي بەختتۇر.